2



# ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

2

# ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»
تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

维吾尔民间歌谣.2/《维吾尔民间文学大典》编委会编. －乌鲁木齐：新疆人民出版社，2006.2(2007.3重印)
(维吾尔民间文学大典)
ISBN 978－7－228－09831－6

Ⅰ.维… Ⅱ.维…Ⅲ.维吾尔族－民歌－作品集－中国－维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ.I277.291.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第010410号

策　　划：阿布都热合满.艾白
　　　　　艾合买提.伊明

责任编辑：艾合买提.伊明
责任校对：阿布勒孜.阿巴斯 等

维吾尔民间歌谣 — 2（维吾尔文）

《维吾尔民间文学大典》编委会 编

---

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐解放南路348号 邮编：830001）
新疆新华书店发行
新疆新华印刷二厂印刷
880×1230毫米 32开本 8.125 印张 2插页
2006年 2月第1版　2007年3月第2次印刷
印数：4,001–6,000

---

ISBN 978-7-228-09831-6　定价：12.50元

پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي
ئەخمەت ئىمىن

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابلىز ئابباس قاتارلىقلار


**ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى — 2**

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» تەھرىر ھەيئىتى
نەشرگە تەييارلىغان

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر، 32/1
باسما تاۋىقى: 8.125 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2006 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2007 ـ يىلى 3 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 4,001‒6,000
ISBN 978‒7‒228‒09831‒6
باھاسى: 12.50 يۈەن




پىلانلىغۇچىلار:ئابدۇراخمان ئەبەي،ئەخمەت ئىمىن

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن



ئۈرۈمچى

2006-يىلى

# مۇھەببەت قوشاقلىرى



مۇھەببەت قوشاقلىرى I





# ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر
# 30 كىتاب نەشردىن چىقتى

## ئۇيغۇر خەلق ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرى

(2 كىتاب)

1. كۆك ياللىق بۆرە 19.00 يۈەن
2. كۆك گۈمبەز 19.00 يۈەن

## ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

(10 كىتاب)

1. بۇلبۇلگويا 17.00 يۈەن
2. يېرىل تېشىم، يېرىل 17.00 يۈەن
3. قىلىچ باتۇر 18.00 يۈەن
4. ئەجدىھا يىگىت 17.00 يۈەن
5. كۈھىقاپ پادىشاھىنىڭ قىزى 18.00 يۈەن

| | |
|---|---|
| 6. مېهرى نىقاب | 17.00 يۈەن |
| 7. ھۆۋەي باتۇر | 17.00 يۈەن |
| 8. دانىشمەن دىۋانە ۋە ئادىل پادىشاھ | 17.00 يۈەن |
| 9. مەلىكە بەرنا | 17.00 يۈەن |
| 10. بۇقا موزايلاپتۇ | 17.00 يۈەن |

## ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى

(5 كىتاب)

| | |
|---|---|
| 1. ئەمىرگۇر ئوغلى | 17.00 يۈەن |
| 2. نۇزۇگۇم | 17.00 يۈەن |
| 3. يۇسۇپ ـ زىلەيخا | 18.00 يۈەن |
| 4. تاھىر ـ زۆھرە | 18.00 يۈەن |
| 5. كاككۇك بىلەن زەينەپ | 19.00 يۈەن |

## ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى

(5 كىتاب)

| | |
|---|---|
| 1. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ① | 15.00 يۈەن |
| 2. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ② | 12.50 يۈەن |
| 3. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ③ | 16.50 يۈەن |

4. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ④ 16.50 يۈەن

5. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ⑤ 15.00 يۈەن

## ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى

(2 كىتاب)

1. ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى ① 19.00 يۈەن

2. ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى ② 20.00 يۈەن

**ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى** 8.00 يۈەن

**ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى** 21.00 يۈەن

**ئۇيغۇر خەلق لاپلىرى** 4.50 يۈەن

**ئۇيغۇر خەلق چاقچاقلىرى:** ھېسام چاقچاقلىرى 15.00 يۈەن

**ئۇيغۇر خەلق ئويۇنلىرى** 13.00 يۈەن

**ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلىرى** 5.00 يۈەن

**(بۇ بىر يۈرۈش 30 كىتابنىڭ ئومۇمىي باھاسى 480 يۈەن)**

# مۇندەرىجە


چاغلاش، سىناش قوشاقلىرى ........................1

زوق، مەدھىيە قوشاقلىرى ...........................60

سېغىنىش ـ ئىنتىزارلىق قوشاقلىرى .........135

# چاغلاش، سىناش قوشاقلىرى

ياغلىقىمنى رەڭگە سالدىم،
رەڭگمۋاسى كاۋا رەڭ.
بىزنىڭ باغدا ئالما پىشتى،
كۆندە كېلىپ ئالما يەڭ.

كۆندە كېلىپ ئالما يەڭ،
باغنىڭ ئالمىسى بىزنىڭ.
ۋەدىڭىزدە تۇرسىڭىز،
جاندىن ئۆزگىسى سىزنىڭ.

ئىشىك ئالدىدىن ئۆتتۇم مەن،
ئۆتكىنىمنى تۇيدۇڭمۇ؟
ئاي ئولتۇرۇپ تاڭ ئاتتى،
بىر چىقمىدىڭ، ئۆلدۇڭمۇ؟

قولۇمنى كېسىۋەتتى
گۆش توغرايدىغان پىچاق.
يۈرەكنى ئېزىۋەتتى
دۆڭمەلىدىكى قىزچاق.

بېغىمغا كىرىۋاپتۇ،
پېلەك شاخىنى چۆرۈپ.
كۆڭلۈمنى ئېلىۋاپتۇ،
بېشىمدىن تۇمار ئۆرۈپ.

قولۇڭدىكى كەتمەنمۇ،
دولاڭدىكى چەكمەنمۇ؟
ئۆزۈمنى دەردمەن دېسەم،
سەنمۇ مەندەك دەردمەنمۇ؟

شىلدىرلىغان قومۇشقا
ئوتنى ياقتىڭ نېمىشقا؟
ماڭا كۆڭلۈڭ بولمىسا،
باشتا سۆيدۈڭ نېمىشقا؟

شىلدىر ـ شىلدىر قومۇشقا
ئوتنى ياقتىڭ نېمىشقا؟
ئەسقاتمىغان شۇ يارغا
كۆڭۈل بەردىڭ نېمىشقا؟

شىلدىر ـ شىلدىر قومۇشقا
ئوتنى ياقتىڭ نېمىشقا؟
ئۇزۇن بولدى، كۆرمىدىم،
مەندىن قاچتىڭ نېمىشقا؟

شىلدىر ـ شىلدىر قومۇشقا
ئوتنى ياقتىڭ نېمىشقا؟

ئوينىمايلى دەپ تۇرسام،
كېلىۋالدىڭ نېمىشقا؟

ئۇ مەلىڭدىن بۇ مەلىڭگە
ئويناي دەپ كەلدىم.
ياخشى يارنىڭ سۆزلىرىنى
ئاڭلاي دەپ كەلدىم.

كېتەرمەنمۇ، كېتەرمەنمۇ،
شەھىرىڭدىن كېتەرمەنمۇ؟
ھەرقانچە يامان بولسام،
يادىڭغا يېتەرمەنمۇ؟

ئاللا ـ ئاللا يولىڭىز،
باغ ئىچىدە سەيلىڭىز.
جاۋاب بېرىڭ، قارا كۆز،
بىزگە بارمۇ مەيلىڭىز؟

دۇتارىم جىرىڭلايدۇ،
ئىچىدە ماش بارمىكىن؟
مېنى كۆيدۈرگەن قىزنىڭ
يۈرىكىدە تاش بارمىكىن؟

ئاي مىسالى چېھرىڭىز،
كۈن مىسالى مېھرىڭىز.
سىزنى ئىزدەپ زار بولدۇم،
بۇ جاھاندا بارمۇ سىز؟

مەن يارىمنى تاپقاندا،
ئانارگۈلنى ئالۇرمەن.
مەن يارىمنى تاپقاندا،
تاۋار يوتقان ياپۇرمەن.

دەردمەنلىكتە مەن دەردمەن،
يارىمغا چاپاي كەتمەن.
يارغا ئاتاپ چىچىمدىن
يىپ ئېشىپ توقاي چەكمەن.

هاۋادا ئۇچاي دەملا،
بۇلۇتنى مىنەي دەملا؟
بېشىمدىن تۇمار ئۈزۈپ،
كۆڭلۈمنى ئۇتاي دەملا؟

شىلدىر - شىلدىر قومۇشلار
شامال چىقسا ئەگىيدۇ.
ئوت كەتكەن بۇ يۈرىكىم
سېنى سۆيسەم سەگىيدۇ.

ئالمىلىق باغقا كىرىپ،
ئالمىچى بولاي دەملا؟
يۈرەككە ئوتنى سېپ قويۇپ،
چوڭ يولچە قاچاي دەملا؟

بېشىڭدىكى ياغلىقنى
قىزىلمىكىن دەپتىمەن.

چىرايىڭغا بىر قاراپ،
ئىبىسلىمكىن دەپتىمەن.

ئۆ مەلەڭدىن بۇ مەلەڭگە
ئۇيناي دەپ كەلدىم.
قايسىڭ ياخشى، قايسىڭ يامان،
بىلەي دەپ كەلدىم.

ئۆ مەلەڭدىن بۇ مەلەڭگە
يوللار بارمىكىن؟
ئىشق ئوتۇڭدا تولا كۆيدۇم،
داۋا بارمىكىن؟

شاپتۇل شاخى لىڭشىيدۇ،
شاپتۇل شاخىدا كىم بار؟
مەن يارنى دېگەنبىلەن،
يارنىڭ كۆڭلىدە كىم بار؟

ماگىز بىنغا كىرمەيمەن
قەغەز بىلەن قەلەمگە.
ئاغرىمامدۇ ئىچىڭىز
ماڭا چۈشكەن ئەلەمگە؟

ئاقچى قوغۇن يېگەنمۇ،
كۆكچى قوغۇن يېگەنمۇ؟
يۈرەككە ئوت سېپ قويۇپ،
دەردتە ئۆلسۇن دېگەنمۇ؟

كۆزۈڭ بىلەن كۆردۈڭمۇ،
قۇلاق ئاڭلىغان يالغان.
شۇنچە دەردنى سالغىلى،
مەن ساڭا نېمە قىلغان؟

بۇلبۇل سايرىدى دەيلا،
كاككۇك سايرىدى دەيلا.
مەن يارنى دېگەنبىلەن،
يار كۆڭلىدە كىم دەيلا.

دۇتار پەدىسى پەدە،
پەدىسى ئون بەش يەردە.
ئوغۇلنىڭ ۋەدىسى ۋەدە،
قىزنىڭ ۋەدىسى نەدە؟

قېشىڭ قارا قۇندۇزمۇ؟
كۆزۈڭ چولپان يۇلتۇزمۇ؟
جاۋابىڭنى ئېيت، يارىم،
كەچ بارايمۇ، كۈندۈزمۇ؟

بىزنىڭ ئۆيلەر بازاردا،
بارسىلا تاپالامىلا؟
ئىشكىم قۇلۇپلاقلىق،
قول سېلىپ ئاچالامىلا؟

تاغقا چىقتۇق ياندىشىپ،
بىر جۈپ گۈلنى تالىشىپ.

قاچانغىچە يۈرەرمىز
گۈل تۈۋىدە مارىشىپ؟

چوڭ يول بىلەن ماڭساڭچۇ،
قوغۇنلۇقنى يول قىلماي.
راست گېپىڭنى قىلساڭچۇ،
مېنى بۇنچە گول قىلماي.

ئاق تاۋارنى كىيىپسەن،
كۆك تاۋارىڭ يوقمىدى؟
يۇرت ئاتلاپ يار تۇتۇپسەن،
مەلەڭدە يارىڭ يوقمىدى؟

يارىم بەرگەن قولياغلىق
قىزىل رەڭلىك تاۋارمۇ؟
ماڭا بەرگەن چايلىرىڭ
يۈرىكىمگە داۋامۇ؟

باغقا كىردىم كېچىلەپ،
شەپە بېرىپ يۆتىلىپ.
مەيلىڭ بولسا كەلمەمسەن،
بىر چىنە چاي كۆتۈرۈپ.

كىچىككىنە چىلگەم بار،
پىچىپ بەرسەم يەلىمۇ؟
شۇنچە خالايىق ئالدىدا
بىزنى كىچىك دەلىمۇ؟

قىشنىڭ قارا بولغۇچە،
كۆزۈڭ قارا بولسىچۇ.
خەقنىڭ يارى بولغۇچە،
مېنىڭ يارىم بولساڭچۇ.

ۋاسا جۇپ سارايىڭنىڭ
زەدىۋالى يوقمىكەن؟
ساڭا بەرگەن كۆڭلۈمنىڭ
ئەتىۋارى يوقمىكەن؟

ئىشىك ئالدى قوش تېرەك،
سۇ باشلاپ كېلەي دەيمەن.
رەنجىپ قالمىغىن، يارىم،
كۆڭلۈڭنى بىلەي دەيمەن.

بېغىڭدىكى ئېرىققا
سۇ باشلىساق ئاقامدۇ؟
بىز ئىككىيلەن ئوينىساق،
كۆڭلىڭىزگە ياقامدۇ؟

ئاسماندىن ئۇچۇپ چۈشكەن
قارمىدۇ، يامغۇرمىدۇ؟
ئاخشىمى باراي دېسەم،
يار ئۆزى يالغۇزمىدۇ؟

گۈلنى كۈلگە بەردىڭىز،
گۈلنى تىكەنگە بەردىڭىز.

بىزنى تاشلاپ، مەيلىڭىزنى
ئەمدى كىمگە بەردىڭىز؟

جاھان شۇنداق ئۆتەرمۇ،
ياشلىق شۇنداق كېتەرمۇ؟
ئۇزاق دەردتە قالغانلار
مۇرادىغا يېتەرمۇ؟

بىز كىرگەن قومۇشلۇقتىن
يولۋاسلار ئۆتەلمەيدۇ.
مەيلى بارمىكىن يارنىڭ،
ئەگىپمۇ كېتەلمەيدۇ.

يانىڭغا بارار چاغدا
كېلىپ قارشى ئالارسەنمۇ؟
سازىڭنى بەلەن سازلاپ،
بىر پەدە چالارسەنمۇ؟

مىلتىق ئالدىم قولۇمغا،
قارا قۇشقاچ ئاتقىلى.
مەن شۇنداق تۇغۇلغانمۇ،
سېنىڭ دەردىڭنى تارتقىلى؟!

مەن قىينالدىم دەردىڭدە،
سەن ئۆزۈڭچە كۈلەمسەن؟
ئىشقىڭ بىلەن جان بەرسەم،
پاك قەلبىمنى بىلەمسەن؟

بىغىمغا كىرمەيمىدىڭ،
ئالمامنى ئۈزمەيمىدىڭ.
بىز ئوينايلى دېگەندە،
يارىم يوق، دېمەيمىدىڭ.

گۈل ئەمەسمۇ بۇلبۇلنى
ئۆز ئىشقىدا سايراتقان؟
سەن ئەمەسمۇ، قارا كۆز،
يۈرىكىمنى ئويناتقان؟

ئاخشاملىقتا ئۆگزەڭگە
چالما ئاتسام، چىقامسەن؟
باشقا يۈرتتىن يار تۇتۇپ،
مېنى دەردكە تىقامسەن؟

شىر ـ شىر قىلىپ سۇ ئاقسا،
خەستە كۆڭۈلگە ياقسا.
نېمە بولغاي، قارا كۆز،
سېنىڭ بىلەن بىر ياتسا.

كۆيمىسەم كۆيدۈم دېمەستىم،
سېنىڭدەك گۈل ـ چېچەكمىگە.
ساڭا ئېيتمىسام سىرنى،
ئېيتىمەن يەنە كىمگە؟

بۇ تاغلار ئېگىز تاغلار،
ئەترايىدا گۈل باغلار.

ئېسىڭىزدە بارمىدۇ
بىللە ئوينىغان چاغلار؟

دۇتار چالدىم مۇڭلىنىپ،
ياخشى كۆرگەن پەدىگە.
ئېيتقىن، يارىم، تۇرامسەن
باشتا قىلغان ۋەدىگە؟

نامازشامدا يولىڭىز،
ئەگىمىدە ئۆيىڭىز.
قاراپ - قاراپ كەتتىڭىز،
كىمدە قالدى كۆڭلىڭىز؟

ئاتنى ئالدىم بىللادىن،
جابدۇقلىرى تىللادىن.
خۇدا بىزگە بېرەرمۇ
خۇمار كۆزلۈك قىزلاردىن؟

ياغلىقىڭنى يۇدۇڭمۇ؟
ئاپتاپتا قۇرۇتتۇڭمۇ؟
مەن سېنى ئۇنۇتمىسام،
سەن مېنى ئۇنۇتتۇڭمۇ؟

كىچىككىنە چىنەمسىز،
تۇتماي تۇرۇپ سۇنامسىز؟
شۇنچە يىل بىللە يۈرۈپ،
ئايرىلىشقا چىدامسىز؟

ئەتىگەندە قارىسام،
ئوينىاپ تۇرار قېشىڭىز.
بىزنى ئوتقا سېپ قويۇپ،
ئاغرىمامدۇ ئىچىڭىز؟

تام تۆپىسىدە تۇرىسىز،
قاشنى ئاتسام كۇلىسىز.
كۆيگىنىمنى بىلىسىز،
نېمانچە ناز قىلىسىز؟

قىزىل تاۋار كىيىپسىز،
كۆك تاۋارمۇ كىيگەنمۇ؟
كۆڭلۇم سىزدە دەپ قويۇپ،
باشقىلارنى سۆيگەنمۇ؟

قارا كۆڭلەك ئىچىدە
تولغىنادۇر بويىڭىز.
ھەممە سىزگە كۆيىدۇ،
كىمگە باردۇر مەيلىڭىز؟

ئۈجمىنى يۇنۇپ ئەتسە،
دۇتار، راۋاب بولامدۇ؟
مۇساپىرغا كۆڭۈل بەرسە،
قاتتىق ساۋاب بولامدۇ؟

قارلىغاچلار ئۇۋىلاپتۇ
پېشايۋاندا، پەرماندا.

بىز شۇنداق ئۆتەرمىزمۇ
كۆيەك ئوتى ئارماندا؟

خۇيلۇقۇم، ئۇز خۇيلۇقۇم،
ئۆزۈڭنى گالۋاڭ قىلمىغىن.
ماڭا مەيلىڭ بولمىسا،
كۆڭلۈمنى ۋەيران قىلمىغىن.

ئاخشام چىقتىم تالاغا،
نالە قىلدىم ئاللاغا.
نېمە ئۈچۈن چىقمايسەن
ئاخشام قىلغان قاراغا؟

قوغۇننى تىلىپ قويۇپ،
ئۆزۈڭ يېمەي تۇرامسەن؟
مۇڭداشقىلى مەن كەلسەم،
لام - جىم دېمەي تۇرامسەن؟

مەن ساڭا نېمە قىلغان
باغرىڭنى تاش قىلغىلى؟
دەرد ئۈستىگە دەرد قوشۇپ،
كۆزۈمنى ياش قىلغىلى؟

پالتا سالسام ئۆتمەيدۇ،
شۇنداق قاتتىق تېرەكمۇ؟
هېچ ئېرەيمۇ دېمەيدۇ،
تاشتىن پۈتكەن يۈرەكمۇ؟

مەردلىكىنى دېمىسە،
قىز يىگىتكە كۆيەمدۇ؟
قۇچاقلىشىپ چۇشىدە،
لەۋلىرىگە سۆيەمدۇ؟

يارىم تۇماق كىيىپتۇ،
چېكىسىگە چۆكۈرمەي.
قاچانغىچە يۈرىمىز
يۈرەك ئوتىنى ئۆچۈرمەي؟

ئۆستەڭ ئارقىسى شورلۇق،
ماڭسالڭ پۇتۇڭ ئاغرىمدۇ؟
دەردىڭدە ئۆلۈپ كەتسەم،
ماڭا ئىچىڭ ئاغرىمدۇ؟

كېلىپ قاپسىز ئەجەبمۇ
ماڭار يولنى كۆرگىلى.
مەن شۇنداق تۇغۇلغانمۇ
پىراقىڭدا ئۆلگىلى؟

ئاق كۆڭلەكنى كىيىپلا
بەللىرىنى باغلىماي.
نېمىشقا ئوينىغان باشتا،
ئۆزلىرىنى چاغلىماي؟

يارىم بىلەن چاي ئىچتىم
كۆككىنە پىيالىدا.

باغرى قاتتىق يارىمنىڭ
كىم باردۇ خىيالىدا؟

دۇتارنى چالالامسىز،
پەدىسىنى باسالامسىز؟
بىزدىن باشقا يار تۇتۇپ،
ئارزۇغا قانالامسىز؟

كەل دېسەم كېلەرسىزمۇ؟
ئارقامدىن ماڭارسىزمۇ؟
ئەگەر ئايرىلىپ كەتسەك،
مېنى ئەسلەپ قويارسىزمۇ؟

قوزۇقتىكى ئەلگەكنىڭ
يېرىلىپتۇ قاسقىنى.
يار بولامسەن، بولمامسەن،
ئېيتقىن گەپنىڭ راستىنى؟

قايسى باغدىن گۈل ئۈزدۈڭ،
بىزنىڭكىنى ياقتۇرماي؟
قاچانغىچە يۈرىمىز
بىر تەكىيگە باش قويماي؟

قاشىم قارا دېگۈچە،
ئۇسما قويدۇم دېسەڭچۇ،
كىشىنىڭ يارى بولغۇچە،
مېنىڭ يارىم بولساڭچۇ؟

يار بىلەن ئويناۋېتىپ،
سۇندى مېنىڭ نازۇك قولۇم.
يارىمنىڭ ياغلىقىدا
تاڭسا ساقايمامدۇ قولۇم؟!

پايپىقىڭنىڭ باشلىقى
ئۆتۈكۈڭدىن ئاشامدۇ؟
بىز ئىككىمىز دوست بولساق،
كۆڭلىڭىزگە ياقامدۇ؟

بىرلا گۈلنى ئۈزدۈمەن،
باشقا گۈلنى تاشلايمەن.
ماقۇل كۆرسىڭىز، يارىم،
ئەمدى گەپنى باشلايمەن.

نامازشامدا يول بويلاپ،
بىر چىرايلىق ماڭدىڭىز.
مەن قارىسام قارىمايسىز،
كىمدە قالدى كۆڭلىڭىز؟

سەن يۇقالىق، مەن تۆۋەنلىك،
ئاشنا بولمايلىمۇ؟
مۇڭدىشالماي يۈرگۈچە،
بىرگە باش قويمايلىمۇ؟

هويلاڭدا قاپاق تېرەك
خا بولامدۇ، بولمامدۇ؟

باغرى قاتتىق تاش يۈرەك
يار بولامدۇ، بولمامدۇ؟

چىم ـ چىم ئەتتىم چىم بىلەن،
كاۋاپ ئەتتىم زىخ بىلەن.
ئەس ـ يادىم سەن بىلەن،
سەن يۈرسەن كىم بىلەن؟

مەلىمىز ئاياغ مەلە،
بارسىلا تاپالامىلا؟
چۆرىسىدە ئانارگۈل،
سايىسىدە ياتالامىلا؟

ھاۋامۇ ھاۋامىدۇ؟
قار ـ يامغۇر ياغارمىدۇ؟
قىز ئۈچۈن يىگىت ئۆلمەك
شەرىئەتتە راۋامىدۇ؟

كەندىر تۈۋىدە كەكلىك،
مەن يارىم بىلەن ئەپلىك.
ياردىن تولا گەپ سورىما،
يارنىڭ يۈرىكى دەردلىك.

ئاتىم بولسا ئىلىلادىن،
باش باغ ئەتسەم تىلىلادىن.
ئىزدىسەم تېپىلارمۇ،
ئۆزى گاڭگۈڭ قىزلاردىن؟

ئۆتۈك ئالدىم ئاۋۇتتىن،
مەسە ئالدىم ساۋۇتتىن.
يارنى سۆيسەڭ تاللاپ سۆي،
لاسكۇيدىكى زاۋۇتتىن[①].

بارغۇم بار يا بارغۇم بار،
بۇغدايلىقتا زاغۇن بار.
كىمنىڭ قىزى ئۇز بولسا،
شۇنى بېرىپ ئالغۇم بار.

بارغۇم بار يا بارغۇم بار،
بۇغدايلىقتا زاغۇن بار.
يارىم ئۈينىغان باغقا
قانات قېقىپ بارغۇم بار.

تاۋار كەسمىگەن قايچا
دۇردۇننى كېسەلەمدۇ؟
يىراق جايدىن يار تۇتۇپ،
مەقسەتكە يېتەلەمدۇ؟

ئۇيان ئۆتىدۇ بىر گۇل،
بۇيان ئۆتىدۇ بىر گۇل.
ئىككى گۇل ئاراسىدا
سايراپ ياتىدۇ بۇلبۇل.

① لاسكۇيدىكى زاۋۇت ــ خوتەن يىپەك زاۋۇتىنى دېمەكچى.

ئاتلىرىڭنىڭ ئىچىدە
مىنگۈدەك ئېتىڭ بارمۇ؟
يېنىپ ئارقاڭغا قارايسەن،
ماڭا بىر گېپىڭ بارمۇ؟

يار بولسا ياراشقۇدەك،
دۈشمەنلەر ماراشقۇدەك.
ئۆزى ئۇيقۇدا تۇرۇپ،
ئويغىنىپ قاراشقۇدەك.

يار يالغۇز ياتامدىكىن؟
بارسام قاش ئاتامدىكىن؟
خويمۇ تولا سېغىندىم،
دەردىمنى تارتامدىكىن؟

ئاخشاملىقتا يار كەلسە،
بىر بەلگە بېرىپ كەلسۇن.
ھەرگىز تۇيمىسۇن دۈشمەن،
ئارقىدىن كىرىپ كەلسۇن.

چېچىڭ نېمە ئۆسمەيدۇ؟
تارىمايسەن، ئۆسمەيدۇ.
يارىڭ نېمە كەلمەيدۇ؟
چىللىمايسەن، كەلمەيدۇ.

قارا قۇش ئېغىر نېمە،
كۆتۈرگىلى بىلەك كېرەك.

ئوسمىسى دەمدەك جۇۋاننى
سۆيگىلى يۈرەك كېرەك.

ئىزدىمەس كۆڭلۈم مېنىڭ،
يار، ئىزدىگەننىڭ يارى بول.
كىم سېنى يارىم دېسە،
بېرىپ شۇنىڭ دىلدارى بول.

يارىمنىڭ ئېتى لەيلى،
بىزگە بارمىدۇ مەيلى؟
بولسا ـ بولمىسا مەيلى،
مەن يارنىڭ قەلەندەرى.

دەريا بويىدا شاتۇت،
بىر ياخشىنى ئاداش تۇت.
ئاداشىڭ يامان بولسا،
ئويناپ ـ كۈلۈپ ھاراق تۇت.

ئىشىكىڭدىن مەن ئۆتتۈم،
ئۆتكىنىمنى تۇيدۇڭمۇ؟
توخۇ ئىككى چىللىدى،
بىر چىقمايسەن، ئۆلدۈڭمۇ؟

گۈل مەشۇق مېنىڭ يارىم،
ئىشىكىدە تۇرامدۇ؟
بېرىپ ياردىن سوراڭلار،
مېنىڭ بىلەن ئوينامدۇ؟

قىبلىدىن شامال چىقسا،
يار بۇرنۇمغا پۇرايدۇ.
قولۇم ـ قوشنىسى دۈشمەن،
كىمدىن مېنى سورايدۇ؟

جان دەيمۇ، جۇۋان دەيمۇ،
جۇۋاننىڭ ھالىنى دەيمۇ؟
كىيگىنى شايى كۆڭلەك،
قول سالغىنىنى دەيمۇ؟

كېتىۋاتقان جۇۋاننىڭ
نېمە خىيالى بار ئىكىن؟
بىر بېسىپ، يېنىپ قاراپ،
كىمگە مەيلى بار ئىكىن؟

يار دەيسەن، ئېگىلمەيسەن،
مەيدەڭدە تۆمۈر بارمۇ؟
ئاخشاملىققا كەل دەيسەن،
خالىيدا ئۆيۈڭ بارمۇ؟

ئاتاسى يوقمىكىن يارنىڭ،
ئاناسى يوقمىكىن يارنىڭ؟
كېزىپ چۆللەردە يۈرگۈنچە،
ماكانى يوقمىكىن يارنىڭ؟

سېنىڭ يارىڭ ئوبدانمۇ؟
مېنىڭ يارىم ئوبدانمۇ؟

شامال چىقسا پۇرايدۇ،
قوينىدا ئانار بارمۇ؟

ھويلاڭدىكى كارىۋاتنى
بەش تاختايدا ئەتكەنمۇ؟
سەن چۆللەردە يۈرگەندە،
مەن يادىڭغا يەتكەنمۇ؟

توختى چوڭنىڭ بېغىدا
ياڭزا ـ ياڭزا گۈلى بار.
ئالاي دېسەم بەرمەيدۇ،
بويىغا يەتكەن قىزى بار.

كېچە بىئۆيقۇدا ياتسام،
ئېتىڭنى قامچىلاپ ئۆتتۈڭ.
ئۈنۈڭمۇ يوق، سۆزۈڭمۇ يوق،
يۈرەككە ئوت سېلىپ ئۆتتۈڭ.

ئاسماندىكى يۇلتۇزلار
ئاينىڭ گۈلىمەن، دەيدۇ.
كىچىككىنە قارا كۆز
يارىڭ بولىمەن، دەيدۇ.

كىچىككىنە قارا كۆز،
سەن كۈرەگە بارغانمۇ؟
ئاخشىمى قاراڭغۇدا
راست كۆيگەنمۇ، يالغانمۇ؟

ئاھ، جېنىم شەرۋانىخان،
قانچىدە باردۇر ياشىڭىز؟
كېچىلەپ يول ماڭسىڭىز،
مەن بولاي يولداشىڭىز.

قىزىلگۈل ئاراسىدا
ئۆيۈڭ بارمىدى، يارىم؟
پەنجىرەمدىن مارايسەن،
كۆڭلۈڭ بارمىدى، يارىم؟

كېتىپ بارغان چوكاننىڭ
چېچى ئۆلاق ئوخشايدۇ.
شەرەت قىلسام ئۇقمايدۇ،
ياغاچ قۇلاق ئوخشايدۇ.

ئىشىك ئالدى تېرەككە
لاچىن قوندۇرالامسەن؟
ئاخشاملىقتا مەن باراي،
قورقماي قوندۇرالامسەن؟

قاشلىرىڭ ئەجەب قارا،
كۆزۈڭدە خۇمار بارمۇ؟
مەن ساڭا تولا كۆيدۈم،
بوينۇڭدا تۇمار بارمۇ؟

بېشىڭدىكى لېنتاڭنى
ئەلەمىگىن، دەپتىمەن.

گىجىم روماڵ ئىچىدە
بەلەنمىكىن، دەپتىمەن.

ئۇيان ئۆتىسەن مامۇت،
بۇيان ئۆتىسەن مامۇت.
ئالتە ئاي بولدى ئىزدەپمۇ
تاپالمايسەن بىر ئامۇت.

چىمەندوپپام بار، دەيسەن،
ھېچ كۆرمەيمەن بېشىڭدا.
يېشىل ئوسمام بار، دەيسەن،
ھېچ كۆرمەيمەن قېشىڭدا.

چىمەندوپپام بار، دەيسەن،
كىيىمەيدىغان نېمەڭگە.
ياخشى يارىم بار، دەيسەن،
يۈرمەيدىغان نېمەڭگە.

ئاتىنىڭ ياخشىسى توروۇق،
قىزنىڭ ياخشىسى ئورۇۇق.
يىگىتلىك قىلاي دېسەم،
پۇتۇمدا يوغان چوروۇق.

گۈلمىدى، غۇنچەمىدى،
يارىم، سېنىڭ قېشىڭدىكى؟
كېچىلەپ تونالمىدىم،
كىملەر ئىدى قېشىڭدىكى؟

بۇلبۇل دېگەن بىر قۇشتۇر،
سايرىشى ئەجەب خۇشتۇر.
بەش كۈنلۈك شۇ ئالەمدە،
يار بىلەن كۆڭۈل خۇشتۇر.

نەچچە ئون كۈندىن بېرى،
يارنى كۆرمەيدۇ كىشى.
يار كۆرۈپ كۆرمەسكە سالسا،
تىرىك ئۆلمەمدۇ كىشى.

مەن قاچان چوڭ بولىمەن،
يارىم بىلەن تەڭ بولىمەن؟
گېپىگە گەپ ياندۇرۇپ،
دەردىگە دەرمان بولىمەن؟

يار بولسا تۇزۇك بولسا،
قولىدا ئۈزۈك بولسا.
ھەم مەڭزى قىزىل بولسا،
لەۋلىرى سۈزۈك بولسا.

ھاۋالار تۇمانلاپتۇ،
ئاتلارمۇ قۇلۇنلاپتۇ.
سوراڭلار، مېنىڭ يارىم
نېمىدىن يامانلاپتۇ؟

قېشىڭىزدۇر قاپقارا،
كىرپىكلىرىڭ زەرۇزنۇەر.

مەن ئۆتۈكدا كۆيەرمەن،
سەن يۈرەرسەن بىخەۋەر.

كۆرگىلى كەلدىڭلىمۇ،
كۆيدۈرگىلى كەلدىڭلىمۇ؟
كۆيۈپ ئۆچكەن ئوتلىنى
ياندۇرغىلى كەلدىڭلىمۇ؟

ناخشىنى تولا ئېيتسام،
دەردى يوقمىكىن، دەمسەن؟
ۋاقتىدا بارالمىسام،
مەيلى يوقمىكىن، دەمسەن؟

مەن يىراقتىن يارنى كۆردۈم،
يار مېنى كۆردىمىكىن؟
يۈرىكىمگە ئوت تۇتاشتى،
يار ئۇنى بىلدىمىكىن؟

سۇندۇرۇۋەتكەن چەينەكنى
قاداتماي تۆلەپ بەرگىن.
قاچان قىلىمىز توينى،
ۋاقتىدا جاۋاب بەرگىن.

سېنىڭ تۇتقان ئالماڭنى
سويۇپ يەيمۇ، يېمەيمۇ؟
ئىچىمدىكى دەردىمنى
ساڭا دەيمۇ، دېمەيمۇ؟

ئوغلاق تارتىپ ئويناپمىز،
ئارغىماق ئېتىڭ بارمۇ؟
يەر تېگىدىن قارايسەن،
ماڭا بىر گېپىڭ بارمۇ؟

تويغا ماڭغان چوكاندەك،
سەن ئۆزۈڭنى تۈزدۈڭمۇ؟
باشتا قىلغان ۋەدەڭنى
پۇل - پۇچەككە بۇزدۇڭمۇ؟

ئەتلەس كۆڭلەك ئۆڭۈپتۇ،
يۇغانسېرى ئاقىرىپ.
يارىم ساڭا نېم بولدى،
گەپ قىلمايسەن تاتىرىپ؟

ئۆيىڭىزنىڭ كەينىدە
خىش پىشۇرغان خۇمدانمۇ؟
كۆزگە ئىلماي يۈرسىڭىز،
ئۆزىڭىزگە ئوبدانمۇ؟

ئۇۋا ساپتۇ تۇمۇچۇق
هويلامدىكى بېدىشقا.
رەنجىدىڭمۇ، ئامرىقىم،
خەت يازمايسەن نېمىشقا؟

ئىشىكىڭدىن ئۆتكەندە،
دېرىزەڭگە قارايمەن.

راست گېپىڭنى قىل، يارىم،
قانداق چاغدا باراي مەن؟

ناسۋالنىڭ ئورنىغا
كىشمىش ئۇزۇم يېسىلە.
چۆرگىلەتمەي بېشىمنى،
گەپنى ئوچۇق دېسىلە.

ئۇرۇق سالسام سەيلىگە،
ئۈنەر ۋاقتى بولدىمۇ؟
يىراقتىكى يارىمنىڭ
كېلەر ۋاقتى بولدىمۇ؟

ئالما ئاتسام ئۆرلىتىپ،
قولىڭىزغا چۈشتىمۇ؟
مېنىڭ قىلغان سۆزلىرىم
ئېسىڭىزگە چۈشتىمۇ؟

پىيالىدە چاي تۇتتۇم،
ئېگىلىپ ئالالامسىز؟
كۆڭلۈمنى بېرەي سىزگە،
ئۆمۈرلۈك بولالامسىز؟

قوغۇنلۇققا كىرەيمۇ،
ناشپېكەرنى ئۈزەيمۇ؟
مەندە قالمىدى تاقەت،
ياندىپ بېرىپ سۆيەيمۇ؟

تام تۈۋىدە ئۇلتۇرۇپ،
تام باستىمىكىن يارنى؟
چىرايى سارغىيىپ قاپتۇ،
غەم باستىمىكىن يارنى؟

قاتار ـ قاتار تېرەكنىڭ
سايىسى بولامدىكىن؟
يارغا كۆيگەن يۈرەكنىڭ
تازىسى بولامدىكىن؟

ئېگىز ئۆگزىگە چىقسام،
كۆرۈنگەن قارا سەنمۇ؟
كۆڭلۈمنى ساڭا بەرسەم،
ئارقامدىن ماڭارسەنمۇ؟

ئەي قارا كۆز، قارا كۆز،
سەن نېمانچە قارايسەن؟
ھەر كۆرگەندە قىزىرىپ،
يەر تېگىدىن مارايسەن.

ئاي تۇسۇيدۇ يۈزىنى،
يۇلتۇز قىسار كۆزىنى.
كىمدۇر ماڭا كۆز قىسىپ،
چەتكە ئالغان ئۆزىنى.

نورىغىزدىن سۇ چۈشتى،
ئۆگزىڭىزدە قار بارمۇ؟

ئالەمنى كېزىپ كەلسەم،
سىزدەك ياخشى يار بارمۇ؟

يار بولسا ياراشقۇدەك،
دوست ـ دۈشمەن قاراشقۇدەك.
ئالىقانغا ئېلىپ جاننى،
ئۆزگىدىن تالاشقۇدەك.

يار بولسا بويى غۇنچە،
كۆيدۈرسە سېنى شۇنچە.
لەۋلىرى قىزىل لالە،
چىشلىرى لەھەل ـ ئۈنچە.

سۇ بولسا سۈزۈك بولسا،
بولسا بىر ئېقىن بولسا.
ئاشىق بىلەن مەشۇقنىڭ
ئۆيلىرى يېقىن بولسا.

يار بولسا لەۋەن بولسا،
قاشلىرى قەلەم بولسا.
ئارمانغا يېتەر ياشلىق،
گەپ ـ سۆزى بەلەن بولسا.

ئالما ئاتسام هويلاڭغا،
تۇتۇۋالدىڭ ئېتەككە.
قاچانغىچە ساقلايدۇ
ئاناڭ سېنى كاتەكتە؟

باسما ئىشىك يەملەكلىك،
ياغاچ يەرگە دەملەكلىك.
ئاشنا تۇتساڭ ياش قىز تۇت،
ياتقان يېرى يەملەكلىك.

بۇغداينىڭ ئاراسىغا
زاغۇن ئېلىشىپ كەتتى.
مېنىڭ بىلەن سېنىڭدەك
كىم مۇرادىغا يەتتى؟

مەن سەپەرگە يول ئالدىم،
سۇنماس قانات سۇنارمۇ؟
سەن يارىمغا دەپ باققىن،
مېنىڭ سۆزۈمگە ئۇنارمۇ؟

گۈلنى ئالغىن قولۇڭغا،
پۇراپ باققىن بۇرنۇڭغا.
باغرىمنى يېقىپ باقاي
كىرىپ سېنىڭ قوينۇڭغا.

ئۆستەڭ ياقىلاپ بېرىپ،
ئاچقان سۆيگىنىڭىز قايسى؟
بىزنى يامان دەپ بېرىپ،
تۇتقان يارىڭىز قايسى؟

راۋابىمنىڭ دەستىسى،
ئۈچىدا يىلان بېشى.

ئىزدىسەم تېپىلمىدى
قىزلارنىڭ قەلەم قېشى.

يارىم كەپتۇ بەلۋاغسىز،
بەلۋاغ بەرسەم باغلامسىز؟
ئالدىڭىزدا مەن تۇرسام،
ھەر تەرەپكە قارامسىز؟

ساندۇقنىڭ ھالقىسىنى
ئالتۇن بىلەن ئەتتىڭمۇ؟
مەندىن باشقا يار تۇتۇپ،
مۇرادىڭغا يەتتىڭمۇ؟

چاپىنىمنىڭ ئەستىرى،
ئاق ئەستە، قىزىل ئەستە.
مېنى ئوتقا سېپ قويۇپ،
سەن يۈرەمسەن بىخەستە؟

باغدا گۈللەر ئېچىلدى،
چېكەڭگە قىسالامسەن؟
زوقلىنىپ ئويناپ ـ كۈلۈپ،
كۆڭلۈمنى ئالالامسەن؟

خۇددى ئايدەك يۈزىڭىز،
بۇلاق كەبى كۆزىڭىز.
كىرىپ قاپسىز چۈشۈمگە،
سالامەتمۇ ئۆزىڭىز؟

دەريا سۈيى ئاقىدۇ،
يار كۆڭۈلگە ياقىدۇ.
غېرىبلىقتا سۆيگەن يار
ئەمدى كىمگە باقىدۇ؟!

غورۇچۆل دېگەن يەردە،
بوستان تالنىڭ سايىسى.
شۇنچە يىراق كېلەرمۇ
ئىككىمىزنىڭ ئارىسى؟

هاۋادىن ئۇچۇپ چۈشكەن
ئۆردەكمىكىن، غازمىكىن؟
يارىم، سېنىڭ ئىشقىڭدا
تارتقان دەردىم ئازمىكىن؟

يارىم، نېسىپ بولارمۇ
قېنىپ ـ قېنىپ سۆيگىلى؟
بەختىمگە پۈتۈلگەنمۇ
يىراقىڭدا كۆيگىلى؟!

كۆڭۈل بەرسەم خالامسىز،
دائىم شۇنداق قارامسىز؟
باشتا كۆڭۈل بەردى دەپ،
ئاخىرىدا خارلامسىز؟!

ئاتىنىڭ بالىسى تايلاق،
تاي خىلىلايدىكەن قامغاق.

ئەجەبمۇ بەك تەس ئىكەن
يارنىڭ كۆڭلىنى ئالماق.

يارنىڭ بويىندا تۇمار،
تۇمار ئاسمىغان كىم بار؟
ياشلىقتا ــ نادانلىقتا
ئاشىق بولمىغان كىم بار؟

كېپىنەك بولۇپ ئۇچارسىز،
گۈل ـ غۇنچىگە قونارسىز.
غېرىب بولۇپ قالسىڭىز،
مېنى ئەسلەپ قويارسىز.

دولان دەريا سۇلىرى
بۇ يىل يەنە تاشقۇدەك.
كىشىلەردىن ئاڭلىسام،
يارنىڭ كۆڭلى باشقىدەك.

يالاڭئاشتاق بولۇپ قاپسەن،
چىگەرگە ياغلىقىڭ يوقمۇ؟
غېرىب ـ مىسكىن بولۇپ قاپسەن،
يۈرۈشكە ئامرىقىڭ يوقمۇ؟

چاقىم چاقىدا قالدى،
يىكىم خانىدا قالدى.
راست گېپىڭنى ئېيت، يارىم،
كۆڭلۈم ئارىدا قالدى.

ھاۋانى تۇمان باستى،
قار يېغىشنى كىم بىلدى !
ئاخىرى جۇدالىقتا
ئايرىلىشنى كىم بىلدى !

ئايۋانىڭدا مەن ياتىپ،
سارايىڭنى بىلمەيمەن.
قاچان كېلىسەن، يارىم،
قارايىڭنى بىلمەيمەن.

يار كەتتى، ئۇزاقلاشتى،
مېنىڭەن ئاتلىرى يايداق.
يارلار قارىماس بولدى،
ئامەت قاچتىمۇ قانداق؟

بۈگۈن ئون ئۈچ كۈن بولدى،
يارنى كۆرمەيدۇ كىشى.
يارىڭىز كۆرمەسكە سالسا،
تىرىك ئۆلمەمدۇ كىشى.

تام تۆپىدە بىر تورغاي،
بۇغداي يېسە نېم بولغاي؟
يار، ئۇتۇق يامان ئىكەن،
ئوينىۋالساق نېم بولغاي؟

ئۆرۈك، ئالما تۆكۈلدى
ئاخشام چىققان بوراندا.

ۋىسالىڭغا يېتەلمەي
كېتەرمەنمۇ ئارماندا؟

زاراڭزايۇ زاراڭزا،
ئېچىلىپتۇ ھەر ياڭزا.
نېمانچە كۆيدۈرىسەن،
ئون بەش ياشلىق بالاڭزا؟!

دېرىزەڭنىڭ تۈۋىدە
ئېچىلىپتۇ ئانارگۈل.
بۇ يۈرەك كۆيۈپ كەتتى،
قانداق قىلىمىز، ھاۋاگۈل؟

ئىشىك ئالدى چوڭ ئېرىق،
ئاتلاپ ئۆتەمسەن، يارىم؟
دۈشمەننىڭ گېپى بىلەن
تاشلاپ كېتەمسەن، يارىم؟

ئىشىكىڭدە تۇرامسەن
يان ياغاچقا يۆلىنىپ؟
سەن ئالامسەن بۇ جاننى،
بىرە ـ بىرە كۆرۈنۈپ؟

ئۆيۈڭنىڭ ئارقىسى دەريا،
ئېقىپ كەلسەم كۆرەرسەنمۇ؟
ئوتۇڭدا كۆيۈپ ئۆلسەم،
نامازىمغا كېلەرسەنمۇ؟

ئىشىكنى ئېچىپ قويسام،
شامال كىردى بۆلۈڭغا.
ئېچىمدىكى دەردىمنى
قاچىلايمۇ تۇلۇمغا؟

چىقمايسەن تالا ـ تۈزگە،
ئۆيۈڭنى مازار دەمسەن؟
يىللار بولدى كۆيگىلى،
يۈرەكنى تازا دەمسەن؟



بۇ يوللار ئەجەب تاشلىق،
ئۆتۈكۈڭدە نال بارمۇ؟
ئىشقىڭدا يۈرەك كۆيدى،
بۇنىڭغا ئامال بارمۇ؟

توقسۇ ئۆستەڭ بويىدا
سېرىق قۇشقاچ ئەگىيدۇ.
يارغا كۆيگەن بۇ يۈرەك
قانداق قىلسام سەگىيدۇ؟

بېغىمغا بىر كەلسەڭچۇ،
ئۈزۈم، ئەنجۈر يېسەڭچۇ.
سوراپ قالسا باشقىلار،
مەشۇقۇم بار، دېسەڭچۇ.

ئاسماندىكى بەش لاچىن
پىرقىرايدۇ، نېمە بولدى؟
يارىم ماڭا ئامراقتى،
كۆز تەگدىمۇ، نېمە بولدى؟

دۇتارىڭنى چالساڭچۇ
يېڭى چىققان پەدىگە.
ۋاپا قىلار دەپتىمەن
باشتا قىلغان ۋەدىگە.

يارنىڭ ئېتى رەيھانمۇ،
چېچى سۇمبۇل بوستانمۇ؟

سۆزى تاتلىق ئەجەبمۇ،
ھەسەل، ناۋات قوشقانمۇ؟

جاراڭلايدۇ كوچىدا،
ئۆتكەنلەر كارۋانمىكىن؟
كېلىمەن دەپ كەلمىدى،
يار سۆزى يالغانمىكىن؟

چىنارغا قونغان قۇشقاچ
سايرىمايدۇ، نېمە بولدى؟
ئەجەب ياخشى يار ئىدى،
گەپ قىلمايدۇ، نېمە بولدى؟

ئۇسسۇلنى تولا ئويناپ،
بېشىڭ قايدىمۇ، يارىم؟
كەل دېگەندە كەلمەيسەن،
پۇتۇڭ تالدىمۇ، يارىم؟

ئېرىقىڭنىڭ تېگىنى
يەنە ئويسام بولارمۇ؟
باغرى قاتتىق يارىمغا
كىشى قويسام ئۇنارمۇ؟

ھويلىدىكى سېدىگە
قۇشقاچ چاڭگا سالغاندۇ.
مەكتۇپ يازدىم يارىمغا،
بۇ كەمگىچە ئالغاندۇ.

ئېگىز ئۈچقان كەپتەرگە
دان چاچسام چۈشەرمىكىن؟
مەندىن رەنجىگەن يارغا
چاي تۇتسام ئىچەرمىكىن؟

ئىشىك ئالدى تېرەكلىك،
بىزنىڭ باغقا يۆلەكلىك.
مەن بېغىمدا ئۈينىسام،
كىرەلەمسەن يۈرەكلىك؟

ئېرىقتا ئاقار سۇلار،
نەدىن كەلدىكىن بېشى؟
يارىم مېنى سېغىنىپ،
ئاقامدىكىن كۆز يېشى؟

تاغقا چىقتىم سىز بىلەن،
كەكلىك تۇتتۇم قىل بىلەن.
ئويناي دېسەم سىز بىلەن،
كارىڭىز يوق بىز بىلەن.

قاق ئالمىنىڭ شېخىدەك
ئېگىلەمسەن، ئاق جۇۋان؟
ئىچىمدىكى دەردىمنى
سەن بىلەمسەن، مېھرىبان؟

ئاسمانغا چىقاي دەيمەن،
شوتا يوق چىقالمايمەن.

دېرىزەمدىن مارايسەن،
سىرىڭنى ئۇقالمايمەن.

ئىشىكىڭدىن ئۆتكەندە
يوچۇقىدىن قارايمەن.
راست گېپىڭنى بەر ماڭا،
قانداق چاغدا باراي مەن؟

قاشلىق قىلمىساڭ، يارىم،
قېشىڭدىكى بولامدۇ؟
ئاشنا تۇتمىساڭ، يارىم،
يېنىڭدىكى بولامدۇ؟

بىر سېۋەت ئانار ئالدىم
دوقمۇشتىكى مەمەتتىن.
بۇ كۆيۈك كىمدىن قالغان؟
كاككۇك بىلەن زەينەپتىن.

دەريا قايان ئاقادۇر،
يارنىڭ سۆزى ياقادۇر.
يۈرىكىمدىن كۆيگەن يار
ئەمدى كىمگە باقادۇر؟

ئېيتقىنا، جانىم گۈلۈم،
ماڭا قانداق چارە بار؟
مېنى مۇنچە قاقشاتقان
كىمنىڭ شۇنداق يارى بار؟

چىراغ نېمە كۆيمەيدۇ،
ئىچىدە يېغى يوقمۇ؟
يارىم نېمە كەلمەيدۇ،
يا ماڭا مەيلى يوقمۇ؟

تالاغا چىقىپ باققىن،
سالقىنراق ھاۋا بارمۇ؟
ئوتۇڭدا يۈرەك كۆيدى،
بۇنىڭغا داۋا بارمۇ؟

ئاقئۆستەڭگە ئات سېلىپ
ئۆتەلمىدىم ئۇ قاتقا.
مەيلى بولسا كەلمەمدۇ،
مېنىڭ يارىم بۇ ياققا.

ئىشىك ئالدى تاختا كۆۋرۈك،
ئاتلاپ قانداق ئۆتەرمەن؟
يار ئوتى يامان ئىكەن،
قانداق تاشلاپ كېتەرمەن؟

سەن تېرىق تېرىمىساڭ،
قۇشقاچ كېلىپ قونارمىدى؟
سەن كېلىپ ئوت ياقمىساڭ،
بۇ يۈرەك يانارمىدى؟

ھاۋامىكىن، بۇلۇتمىكىن
قارنى ياغدۇرغان؟

جۈۋانمىكىن، چوكانمىكىن
كۆڭۈل ئاغدۇرغان؟

ئاقناۋات دېگەن قوغۇن
باراڭنىڭ كەينىدە باردۇر.
مېنىڭ قارا كۆز يارىم
تېرەكلىك هويلىدا باردۇر.

پەشمەتلىرىنىڭ ياقىسىنى
ماشىنىچى ئۇستام ئويغانمۇ؟
ئىسمىلىرى چىرايلىقكەن،
خىزىر كېلىپ قويغانمۇ؟

قولۇڭدىكى ئۈزۈكنى
زەگەر ئۇستام سوققانمۇ؟
چىرايىڭ ئەجەب نۇرلۇق،
ئاناڭ ئاي دەپ تۇغقانمۇ؟

هويلاڭدىكى ئۈجمىگە
تۇلپارىمنى باغلىدىم.
يارىم، سېنىڭ ناخشاڭنى
زوقۇم بىلەن ئاڭلىدىم.

يارىم تەكشى سېلىپتۇ
كېۋەزلىكنىڭ قىرىنى.
هېچ بىلمىدىم يارىمنىڭ
كۆڭلىدىكى سىرىنى.

يارىمنىڭ يۈزى مەڭلىك،
قولىدا ئۆپا ـ ئەڭلىك.
يارىمنى سۆيەي دېسەم،
بولىمەن ئەجەب تەڭلىك.

باغدا پىشتى جىنەستە،
يارىم كېلىپ يەمدىكىن؟
ئىككىمىز كۆيۈشكەننى
ئانىسى بىلەمدىكىن؟

بېشىڭدىكى لېچەكنى
ئەلەممىكىن، دەپتىمەن.
شىپۇن كۆڭلەك كىيىۋالساڭ،
گۈلەممىكىن، دەپتىمەن.

ئاق ئالمىڭنى قىزارتقان
كۈننىڭ نۇرى ئەمەسمۇ !
چىرايىڭنى سارغايتقان
يارنىڭ ئوتى ئەمەسمۇ !

ناخشا ئېيتىمەن، يارىم،
ئۈنۈمدىن تونالامسەن؟
بىللە بولىلى دەيسەن،
ۋەدەڭدە تۇرالامسەن؟

ئانارخاننىڭ ئانارى
چېچەكلەپتۇ سەھەردە.

مەن ئاشا كۆيۈپ قالدىم،
ئۆزى يۈرەر قەيەردە؟

يارنىڭ بېشىدا دوپپا،
يۈزىدە سۈرمە ـ ئۇپا.
مەيلىمنى بېرەي دەيمەن،
بولمىسا ئۇ بىۋاپا.

يارىم گۈل سۈندى ماڭا،
ئېگىز داۋان بېشىدا.
قىچقارسام ھېچ چىقمايدۇ،
بىركىم بارمۇ قېشىدا؟

قوزۇقتىكى ياغلىقنى
ئالدىمىكىن دەپتىمەن.
ئەگىپ يۈرسەڭ قېشىمدا،
بالىمىكىن دەپتىمەن.

ئىشىك ئالدىدا ئۆستەڭ،
ئېقىپ بارسام كۆرەرسەنمۇ؟
بىر قاراپ كۈلۈپ قويساڭ،
كۆلگەنگە ئۆلەرسەنمۇ؟

چىنارباغدا كۆردۈم مەن
ئانار بىلەن ئەنجۈرنى.
يار قېشىغا مەن بارسام،
ئېتىۋاپتۇ پەنجىرنى.

قارچىغام ئۇچۇپ كەتتى،
قىرغاۋۇل كۆرۈندىمۇ؟
ھاسىل بولدى مۇرادىڭ،
جانلىرىڭ سۆيۈندىمۇ؟

ئامرىقىم گۇلشادىخان،
مېنگۇدەك ئېتىڭ بارمۇ؟
پەنجىرەڭدىن قارايسەن،
ماڭا بىر گېپىڭ بارمۇ؟

جۇجەم پىشتى، ياز بولدى،
شېرىن - شېكەر مېۋىسى.
كۆڭلى گۇلدەك شۇ يارنى
كىمنىڭ كەلمەس سۆيگۈسى؟ !

باغنىڭ ئىشىكىنى ئاچسا،
يارىم كېلىپ كۆرۈپ باقسا.
يارىمنىڭ ئەقلى بولسا،
ماڭا بىر كۈلۈپ باقسا.

تۇرنا ئۇچتى ئاسمانغا،
مەنمۇ ئۇچسام تۇرنىدەك.
يار ماڭا كۆڭۈل بەرسە،
ئىشلەپ ئۆتسەم قۇلدەك.

ئات مىنەملا، تايچاقمۇ؟
راست ئوينامىلا، چاقچاقمۇ؟

يوللىرىدا كۆپ مېڭىپ،
تېلىپ كەتتى پاچاقمۇ.

يىگلەپ چۈشتى غورىلار،
بولالمايدۇ مېغىز، قاق.
ئانىسىغا چىدىسا،
ئېلىپ قاچاي، سوراپ باق.

بىشەكشېرىن قوغۇنۇم بار،
تىلىپ بەرسەم يەرسەنمۇ؟
ئۆزۈڭنى بەك چوڭ چاغلاپ،
مېنى كىچىك دەرسەنمۇ؟

ئاتىنىڭ ئاتلىقى بارمۇ،
ناۋاتنىڭ ئاچچىقى بارمۇ؟
سەن مېنى ياراتمايسەن،
مېنىڭدىن تاتلىقى بارمۇ؟

چاينى ئىچتىم جوزىدا،
تولدۇرۇپ پىيالىدا.
سوراپ بېقىڭ يارىمدىن،
كىم باردۇر خىيالىدا؟

قىزىلگۈل پىيالىڭىز،
خويمۇ ئوبدان چىرايىڭىز.
بەش كۈن بولدى كەلمەيسىز،
نېمىكىن خىيالىڭىز؟

ئۆرۈك پىشتى، ئۆرۈك يەڭ،
ئۇرۇقچىنى چىقىپ يەڭ.
كۆز تاشلايسىز ھەر كۈنى،
گېپىڭىزنى ئوچۇق دەڭ.

چوڭ كۆلنىڭ ئۆردەكلىرى
سۇدا ئۈزگۈدەك بوپتۇ.
كىچىك دېمەڭ يارىمنى،
ئويناپ سۆيگۈدەك بوپتۇ.

يىراقتىن كۆرۈپ قالدىم،
يارنىڭ كەتكەن يېرىنى.
ئېچىلمايدۇ چىرايى،
كىمگە ئېيتار سىرىنى؟

يارىم كىيگەن ئاياغنىڭ
ئېگىز ئىكەن پاشنىسى.
باشقا يەردە بارمىدۇر
مەندىن بۆلەك ئاشنىسى؟

ئاسماندىكى يۇلتۇزغا
مىلتىق ئاتسام تېگەرمۇ؟
سۆيگەن يارىم بەك چوڭچى،
ماڭا بېشىنى ئېگەرمۇ؟

لوكچۇندىن چىقىپ كەلدى
ئامرىقىم تورۇق ئاتلىق.

مېنى تاشلاپ كېتەرمۇ
چولپان كۆز، سۆزى تاتلىق؟

بولساڭ يارىم يېنىمدا
يۈرىكىم قانماسمىدى؟
ساڭا سۆزۈم ئۆتمەيدۇ،
يۈرىكىڭ ئالماسمىدى؟

ئېشەك دېگەن ئۇلاغمۇ،
كارىز دېگەن بۇلاقمۇ؟
چىقمايسەن تالا ــ تۈزگە،
پۇت ــ قوللىرىڭ چولاقمۇ؟

سايدا ئۆسكەن ساي دەرەخنىڭ
سايىسى سايغا چۈشەر.
شۇ خېنىمنىڭ مەيلى بولسا،
بىر كۈنى قولغا چۈشەر.

ھەر كىشىنىڭ يارى بولسا،
ئوينىسا، جان يايرىسا.
دوستلىرى خۇشال بولۇپ،
دۈشمەنلىرى قان يىغلىسا.

گۈل ئېچىلسا نە بولۇر،
بەرگى ئېچىلسا نە بولۇر؟
ئېتىقادلىق يار بىلەن
داڭلار كۆتۈرسە نە بولۇر؟!

نەشە چەككەن مەست ئەمەس،
هاراق ئىچكەن خەس ئەمەس.
بۇرۇن سۆيگەن يارىمنى
يەنە سۆيمەك تەس ئەمەس.

ئۇ مەلىدىن بۇ مەلىگە
يولى بارمىكىن؟
دەرد ئاغرىقى بوپتىمەن،
دورا بارمىكىن؟

ئاللا يارىم، بۇ يايلاقنى
قانداق يايلايسەن؟
ئۆزۈڭ ئويناپ، ئۆزۈڭ كۈلۈپ،
كىمگە باتنايسەن؟

يارىمنىڭ قوينىدىكى
ئالمىمىكىن، بېھىمىكىن؟
قولىدا ئالتۇن ئۈزۈك،
ئاشنالىرى زەرگەرمىكىن؟

سۇ ئايرىلىپ ئاقمايدۇ،
يار قايرىلىپ باقمايدۇ.
يار قايرىلىپ باققاندا،
بىر خىيالى ياقمايدۇ.

بىر يىلان پەيدا بولۇپتۇ
يارىمنىڭ بۇلاقىدا.

يار بىزنى خىيال قىلسا،
بىز يارنىڭ قولاقىدا.

شۇ كېچە تاڭ ئاتمايدۇ
مەن بىلەن قېرىشقاندەك.
خويمۇ دەردلەر كېلىدىكەن،
لاچىن سوققان توشقاندەك.

ئاللىمۇ ئاللايەي، يار بارمۇ؟
كۆرۈنگەن تاغدا قار بارمۇ؟
كۆرۈنگەن تاغدا قار بولسا،
سېنىڭچە ياخشى يار بارمۇ؟

خوش خۇدانىڭ تەقدىرىدىن
بېشىمغا چۈشكەن بىر كېسەك.
بىرگىنە ئالما تېپىپ،
يارىم بىلەن بىرگە يېسەك.

قايناپ تۇرغان قازانغا
چۆمۈچ سالسا چۆكەرمۇ؟
تاغدىكى شۇ يارىمغا
خالتا بەرسەم تېگەرمۇ؟

يار دەردىدە ئاۋارە،
بولدى يۈرىكىم پارە.
ئۆزۈڭ بىلىسەن، يارىم،
بۇ دەردكە نېمە چارە؟!

ئۆيىمىز يامان يەردە،
بارسىلا تاپالامىلا؟
ئىشىك باشىدا ئاچقۇچ،
قۇلۇپنى ئاچالامىلا؟

ھەر كىشىنىڭ يارى بولسا،
بۇغداي ئۆڭلۈك مۇختەسەر.
قولنى مۇرەمگە سالسا،
ئۇششاق ئاغرىقنى كېسەر.

ياز بولسا، باھار بولسا،
بېغىڭدا ئانار بولسا.
يار بىلەن تېپىشقاندا،
بوينۇمدا تۇمار بولسا.

يارنىڭ ئۆيى قايدىدۇر؟
سۇيى يۇقىرى سايدىدۇر.
ۋەدىسى يالغان شۇ يارنىڭ
تۇرار جايى قايدىدۇر؟

چىراغلار ئۆچەي دەپتۇ،
پەرلەپ قويسا كۆيمەمدۇ؟
بىزنىڭ يارلار كەلمەپتۇ،
چىللاپ قويسا كەلمەمدۇ؟

ئوڭ يانىمدىن ئۆتسەڭچۇ،
سول يانىمدىن ئۆتسەڭچۇ.

قېشى قارا مۇلايىم،
گۇناھىمدىن ئۆتسەڭچۇ.

تاغمۇتاغلارنى كەزدىم،
مەن كۆرمىگەن تاغ قالدىمۇ؟
يار ئۈچۈن مەن تارتمىغان
جەبرۇ جاپالار قالدىمۇ؟

كۆيۈپ قالدىم مەن ساڭا،
كۆيگىنىمنى بىلدىڭمۇ؟
قاراپ كۆزلىرىم تالدى،
بىر باقمىدىڭ، ئۆلدۈڭمۇ؟

ئۆزلىرى ئۆيدىن چىقىپ،
باغلارنى بوستان قىلدىلا.
بىر قوۋۇز لەۋزى بىلەن
ئاشىقى شەيدا قىلدىلا.

قوشۇما قاشتۇر، خۇمار كۆز،
خۇيمۇ يالغانچى ئېغىز.
نە مۇشەققەتلەر بىلەن
سۆيگەن مېنى جاندىن ئەزىز.

قېشىڭىزنىڭ قۇيرۇقى
نارىنچى گۇلنىڭ ئۇرۇقى.
سىزنى بىزگە قوشمىغان
شول خۇدانىڭ بۇيرۇقى.

سىز خېنىم، ئالدىرىماڭ،
كۆنلەردە پەرمان تۇشىدۇ.
خۇدايىم بۇيرۇغان كۈنى،
سىزنى بىزگە قوشىدۇ.

ئېرىقىڭىزدىن قۇم ئالدىم،
يان ئېرىقتىن نەم توپا.
يار تۇتساڭ ياخشىنى تۇت،
قالغانلىرى بىۋاپا.

پەرداز قىلىپ چىقىپتىلا،
چوڭ بازارغا ماڭدىلامۇ؟
ماڭا قاراپ قويمامدىلا،
ئەقىدىلىرىدىن ياندىلامۇ؟

مەن كۆيدۇم قارا كۆزگە،
قارا كۆزنىڭ گېپى ئۆزگە.
يىغلايمۇ مەن، كۈلەيمۇمەن،
تالادىكى گەپ ـ سۆزگە.

ھەق ئاللايىمەي،
دوست ئاللايىمەي،
مەن قانداق چىداي
يارنىڭ دەردىگە؟
يار تۇرامدىكىن
قىلغان ۋەدىگە؟

يارىمنىڭ ئېتى ئايسە،
بوغداي تېرىدىم مايسە.
ئوتۇڭدا تولا كۆيدۇم،
قانداق قىلىسەن، ئايسە؟

خوش كۈلىدۇ، شوخ كۈلىدۇ،
چوكانلىرى باغدامىكىن؟
گۈر قىلىدۇ، پۈر قىلىدۇ،
قۇشقاچلىرى تالدامىكىن؟

ياغ قۇيۇپ ياققان توغاچنى
يارغا ياقتۇرغانمىدۇر؟
شۇ ئەزىز پەرۋەردىگار
يارىغا يەتكۈزگەنمىدۇر؟

بۇلبۇلۇما بۇلبۇلۇم،
ماڭا قارا، بۇلبۇلۇم.
بىر قاراپ ئاشنا بولدۇم،
يېتەمدۇ ساڭا قولۇم؟

خەلقئالەم ئالدىدا
قالدىم ئەمدى سوراققا.
مەن قاچانمۇ يېتەرمەن
يارىم بىلەن مۇرادقا؟

كىچىككىنە كەپەم بولسا،
سارايىنىڭ كېرىكى يوق.

كۆڭلۈمدىكى يار بولسا،
بايلىقنىڭ كېرىكى يوق.

سەن تەلۋە دېدىڭ مېنى،
مەن ئەمدى ساقايماسمەن.
يارنىڭ شامىلى تەگسە،
ساقىيىۋرمەن، ئۆلمەسمەن.

كۆۋرۈكۈڭ ئەجەب تاركەن،
ئۆتۈشكە ئامال بارمۇ؟
ئىشقىڭدا يۈرەك كۆيدى،
بۇنىڭغا ئامال بارمۇ؟

ئەي چىراغ، نېمە ئۈچۈن
روشەنغىنا بىر كۆيمىدىڭ؟
شۇنچە تەلپۈنسەم ساڭا،
قاراپ تۇرۇپ بىر سۆيمىدىڭ؟

ئالمىنى ئىرغاڭلىتاي،
شاپتۇلنى شىلدىرلىتاي.
ئايىغى قاشاڭ جوگاننى
ئوت يېقىپ ئىلداملىتاي.

ئۆستەڭدىكى تاللارنى
كىملەر كېسىپ كەتكەندۇر؟
كۆڭۈلدىكى يارلارنى
كىملەر سۆيۈپ كەتكەندۇر؟

كىم بىلۇر قەدرىمنى، يارىم،
دەردمەن كۆڭۈللەر بولمىسا.
ناز ئېتەر كىملەرگە گۇل،
قاشىدا بۇلبۇل بولمىسا.

ئېگىز تاغقا چىقتىم مەن،
سىيرىلدىم، چۈشەلمىدىم.
قىلىقىڭغا كۆيدۈمەن،
ۋەدەڭگە ئىشەنمىدىم.

تال كەسكىنىم يوق ئىدى،
تالدۇردى بىلەكىمنى.
يار سۆيگىنىم يوق ئىدى،
قاندۇردى يۈرەكىمنى.

كىچىككىنە باغچە ئىچىدە،
ھۇۋقۇش بولۇپ، «ھۇۋ» دېدىمۇ؟
ئىشىق ئوتىغا چىدىماي،
ئۆپكىسى قۇرۇپ «سۇ» دېدىمۇ؟

ئاق قوناقنىڭ زاغرىسى
ئاش بولامدۇ، بولمامدۇ؟
كۆڭلى قاتتىق شۇ يارلار
ئاداش بولامدۇ، بولمامدۇ؟

سېرىق ساندۇق ئىچىدە
ئالتۇن ئۈزۈك ئوينايدۇ.

يېنىمدىكى خۇمار كۆز
كۆزى بىلەن قىينايدۇ.

تەكە شاپتۇل[①] پىشىپتۇ،
سويۇپ بەرسەم يەلىمۇ؟
خالىيدا سۆيۈپ قويسام،
دوست ـ دۇشمەنگە دەلىمۇ؟

«كەل»دېدى، كەلسەم ئۆزى يوق،
«جۇپمۇ تاق» ئوينامدۇ يار؟
بىللە بولساق گەپ ـ سۆزى يوق،
باشقا ئوي ئويلامدۇ يار؟

پاختا ئاتتىم ئاتقۇدا[②]،
يەر تۇزلىدىم تارتقۇدا[③]،
يار چىقارمۇ ئالدىمغا،
بارسام ئېغىر ياتقۇدا.

تام قوپۇردۇم چىم بىلەن،
ئۆگزە ياپتىم لىم بىلەن.
ئوي ـ خىيالىم سەن بىلەن،
سەن ئوينايسەن كىم بىلەن؟

ھاشارغا تولا ئىشلەپ
بىلىم چىم بولدى.

---

① تەكە شاپتۇل ــ ئەڭ بۇرۇن پىشىدىغان شاپتۇل.
② ئاتقۇ ــ پاختا ئاتىدىغان دۇكان.
③ تارتقۇ ــ يەر تۇزلەيدىغان سايمان.

ئەھۋال سوراي دېمەيدۇ،
يارغا نېم بولدى؟

ئاياقتىكى قېتىققا
چۆمۈراپ يەي دامانني.
يار قاچانمۇ پەرق ئېتەر
ياخشى بىلەن يامانني؟

رامزانغا ئون يەتتە،
بۈگۈن كېچە تۈنەكمۇ؟
شۇ كەمدىكى چوكانلار
يار تۇتقىلى كۆنەكمۇ؟

بۈگۈن ئاخشام باراۋەت،
تاڭ ئاتقۇچە تۈنەمسىز؟
ئەلياتقۇدا ئىسقىرتاي،
باغ كەينىگە ئۆتەمسىز؟



## زوق، مەدھىيە قوشاقلىرى

سېنى دەيمۇ، سېنى دەيمۇ،
سىياقىڭ قىلدى ھەيرانە.
جاھاندا ئىزدىسەم يوقتۇر،
سېنىڭدەك ياخشى مەردانە.

سېنى دەيمۇ، سېنى دەيمۇ،
سېنى كۆرمەي ئۆلەرمەنمۇ؟
سېنى كۆرمەي ئۆلۈپ كەتسەم،
مۇرادىمغا يېتەرمەنمۇ؟

ئۇيانىدا ئۆيلەرى،
بۇيانىدا يوللارى.
ئەۋرىشىمگە ئوخشايدۇ
ئۇسسۇلغا چۈشكەن قوللارى.

ئۇيانىغا تاشلاپ ئويناسۇن،
بۇيانىغا تاشلاپ ئويناسۇن.
چاچىغا چەككەن لېنتىسىنى
ئىككى يانىغا تاشلاپ ئويناسۇن.

ئاتچان[1] يولى تاشلىقكەن،
ماڭماي دېسەم ياشلىقكەن.
بىزنى كۆيدۈرگەن چوكان
چېچى ئۇزۇن، قاشلىقكەن.

باغچاڭغا كىرىپ باقسام،
شاپتۇلۇڭ يوغان، شاخلىق.
ئاغزىڭدا ناۋات بارمۇ،
لەۋلىرىڭ ئەجەب تاتلىق.

بىرگە بۆلەيمۇ جانىمنى،
ئىككىگە بۆلەيمۇ جانىمنى؟
شىشىدە ساندۇق ياساپ،
ساقلاپ سۆيەيمۇ يارىمنى؟

ئاتىنىڭ بالىسى تايچاق
تالىنىڭ ئۇچىنى يەيدۇ.
بۇ كەمدىكى قىز باللار
كۆزنىڭ يېغىنى يەيدۇ.

ئۆردەك ئوينىغان كۆلنىڭ
سۈيى سۇزۇك، تەمى تۇز.
يېڭى تۇتقان يارىمنىڭ
قاراپ تۇرۇشى بەك ئۇز.

---

① ئاتچان — كېرىيىدىكى بىر يېزا.

چېچىڭىز قارا ئىكەن
قاغىنىڭ قاناتىدەك.
سۆيسەم لېۋىڭىز تاتلىق،
كېرىيىنىڭ ناۋاتىدەك.

قىزىل ئالمىنىڭ مەغزى ئۈز،
ئاق ئالمىنىڭ ئۆزى ئۈز.
سىناپ تۇتقان يارىمنىڭ
قېشى بىلەن كۆزى ئۈز.

ئات مىندىم كۈرەڭ قاشقا،
سەكرەتتىم تاشتىن تاشقا.
ھەركىمنىڭ يارى باشقا،
ئوخشامدۇ قەلەم قاشقا؟!

ئېتىم يورغا بولمامدۇ
يولۇڭنىڭ يىراقىدىن.
قېشىڭ قارا بولمامدۇ
مەڭزىڭنىڭ سىياقىدىن.

تاغقا چىقتىم ئىرادە،
يېنىپ چۈشتۈم پىيادە.
كىچىككىنە يارىم بار،
قىزىلگۈلدىن زىيادە.

يايلاقتىكى قوتازنىڭ
مۈڭگۈزى بۇرغۇي بولار.

يىراقتىكى يارىمنى
ئۆندىسەم قۇرغۇي بولار.

گۈلمۇ گۈللەردىن گۈزەل،
غۇنچە گۈللەردىن گۈزەل.
يار سېنىڭچە بولمىغاي،
يوق ماڭا سەندىن گۈزەل.

ئاق ئالما قىزارغاندەك،
قىزىل يۈزلۈكۈم يارىم.
ناۋات بىلەن سۇغارغاندەك،
شېرىن سۆزلۈكۈم يارىم.

مەن بارايمۇ، بارمايمۇ
قويچىلارنىڭ گەمىسىگە؟
تېگىشمەيمەن يارىمنى
كېرىيىلىكنىڭ ھەممىسىگە.

جانغا چۈشتى مىڭ پىچاق،
بىر پىچاقچە كۆرمىدىم.
باشقىلارنىڭ يارى باركەن،
سەن يارىمچە كۆرمىدىم.

ياخشى ئاتنى كۆرگەندە،
ئالدىم قولۇمغا قامچى.
يارىشىپتۇ يارىمغا
پوپۈچ بىلەن تىزلامچى.

ئۆستەڭ ياقىلاپ بارسام،
تورغايلارنىڭ ئۇۋىسى.
كىچىككىنە يارىم بار،
قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسى.

ئويتوغراق يولى تاشلىق،
تاشلىقتا بولار ئاشلىق.
مەن سۆيگەن گۈزەل يارىم،
سۇمبۇل چاچ، قەلەم قاشلىق.

چىنارىم بار، چىنارىم بار،
باغىمدا ئانارىم بار.
مەڭزى قىزىل ئالمىدەك
كىچىككىنە يارىم بار.

ئاشىق يولى چۆل دەيدۇ،
چۆل ئەمەسكەن، ئاۋاتكەن.
بىزنىڭ يارنى قەنت دەيدۇ،
قەنت ئەمەسكەن، ناۋاتكەن.

گۈل ئارىلاپ ئۇچۇپ يۈرگەن
جىنى نازۇك كېپىنەك.
بىزنى شۇنچە كۆيدۈرگەن
بېلى نازۇك سېكىلەك.

باغنىڭ گۈلى ئېچىلىپتۇ،
قۇلاققا قىساي دەيمەن.

ئايغا ئوخشاش يارىمنىڭ
لېۋىگە سۆيەي دەيمەن.

گۈل ئىچىدە ئولتۇرۇپسەن،
رەڭ تالىشىپ گۈل بىلەن.
ئاينى خىجىل قىلغۇدەك
ئولتۇرسەن نۇر بىلەن.

يېڭى ئېرىقنىڭ يولىغا
جىرىم سېلىپ ئوخشاتسام.
كۆڭلى يۇمشاق يارىمنى
سۆيۈپ تۇرۇپ ئۇخلاتسام.

ئۆلچەپ سېنىڭ بويۇڭنى
تون تىكەرمەن تويۇڭغا.
ئەجەبمۇ خۇمار بولدۇم
يارىم، سېنىڭ خۇيۇڭغا.

قەشقەر ھاۋاخان،
كۇچا زىباخان.
يادىمدىن كەتمەس
ئالتۇن خۇمارخان.

يارىمنىڭ مېڭىشلارى،
ماڭسا قول سىلىشلارى.
ھېچ كىشىگە ئوخشىماس،
لەپپىدە قاراشلارى.

بىزنىڭ باغدا تال تېرەك،
تال تېرەككە سۇ كېرەك.
ئەتىرگۈلدەك يىگىتكە
قىزىلگۈلدەك يار كېرەك.

ئاۋۇ قاتتا سەن بولساڭ،
ماۋۇ قاتتا مەن، يارىم.
گۈل غۇنچىسى سەن بولساڭ،
كامالچىسى مەن، يارىم.

بېشىڭدىكى دوپپاڭنىڭ
سۇغا چۈشتى شولىسى.
مېنىڭ يارىم قەلەم قاش،
يول بويىدا ھويلىسى.

چاپىنىمنىڭ يېڭىنى،
باشقا قويدۇم تېڭىنى.
نەگە بارسام ئاڭلايمەن
سىز يارىمنىڭ دېگىنى.

ئاسماندا مېنىڭ ئايىم،
ئارالدا① مېنىڭ يارىم.
ئاڭلاڭلار، خالايىقلار،
گۈل قىسقان مېنىڭ يارىم.

① ئارال — كېرىيەدىكى بىر يېزا.

بىزنىڭ ھويلا چىمەنگۈل،
كۆرۈپ كېلىڭ ھەر خىل گۈل.
بۇ گۈللەرنى ئۆستۈرگەن
لېۋى شېكەر، قەلبى گۈل.

ئويتوغراقنىڭ يېرى كەڭ،
ئالما ـ شاپتۇل باغلىرى.
ئەۋرىشىمگە ئوخشايدۇ،
دەستە گۈلدەك بەللىرى.

بىزنىڭ يارلار بەك چاققان،
بەتىنكىسىگە مىخ قاققان.
دۈشمەن گۈيلار چىدىماي،
ياڭزا ـ ياڭزا گەپ تاپقان.

گۈلباغدىمۇ ئۆيىڭىز،
ئۈزگەن قىسقان گۈلىڭىز.
غۇنچە ئىكەن بويىڭىز،
كۆيدۈرىدۇ خۇيىڭىز.

ئاق كەپتەر ئالا ئىكەن،
قۇيرۇقى تالا ئىكەن.
مېنى كۆيدۈرگەن قىزچاق
بەك ئوبدان بالا ئىكەن.

باغقا رەيھان تېرىسام،
ئۈنۈپ چىقتى بەش قۇلاق.

بۇ دۇنيادا بارمىدۇر
مېنىڭ يارىمدەك يۇمىلاق.

تام تۆپىسىگە تام قوپىدۇم،
شامالغا دالدا بولسۇن دەپ.
يار ئۇستىگە يار تۇتتۇم
يۈرەككە شىپا بولسۇن دەپ.

ئالدىمدىكى گۈزەللەر
پەرىشتىمۇ، بەندىمۇ؟
ياكى يارىم خانىشنى
قىزلار ئېلىپ كەلدىمۇ؟

ئاق ئوتۇننىڭ تەپتىدىن
ئوچاقتا چۆگۈن قايناپدۇ.
بىزنىڭ يارنىڭ سازلىقىدىن
يۈرەكتە ئوتلار ئويناپدۇ.

بىر بۇلبۇل يۈز بولۇپ،
كەتمەس ھەرگىز يېنىڭدىن.
ئاشىق بولۇپ يىگىتلەر
كۆز ئۈزمەيدۇ سېنىڭدىن.

ئىشىكىڭنىڭ ئالدىدىن
تېپىۋالدىم تەڭگىنى.
كىمگە ئوخشاتسام بولار،
سەن يارىمنىڭ رەڭگىنى؟

قىشنىڭ قارا، قىشنىڭ قارا،
قىشنىڭدىن كۆزۈڭ قارا.
كىرپىكىڭدىن نۇرلار تامار،
سۆيسەم يۈرىكىم قانار.

ئۆستەڭلەرگە سۇ كەلدى،
ئازما ـ ئازما شارقىراپ.
مېنىڭ يارىم ساي كەلدى،
تولۇن ئايدەك پارقىراپ.

يېشىل سايىنى بويلىغان،
ساي بويىدا ئويىنىغان.
ئايغا ئوخشاش گۈزەل يار،
قەلبىم ساڭا تويمىغان.

نېمە دەيمەن ئۆزۈڭنى،
شېرىن ـ شېكەر سۆزۈڭنى؟
جۇپ بۇلاققا ئوخشىتاي
ئىككى گۆھەر كۆزۈڭنى.

ئېرىقىڭدا سۇ بولۇپ،
باغلىرىڭدا ئاقسام مەن.
سېنىڭ بىر جۇپ ئالماڭنى
كۆكرىكىمگە ياقسام مەن.

ئاسماندا يۇلتۇز تولا،
بىر ـ بىرىگە ئوخشىماس.

جاھاندا قىزلار تولا،
سەن يارىمغا ئوخشىماس.

بىر جۈپ ئالما پىشىپتۇ،
مەيدىڭىزدە باغ بارمۇ؟
ياكى كىشى چىقالماس
قوش چوققىلىق تاغ بارمۇ؟

يار ئىكەننى بىلمىدىم،
گۈلزار ئىكەننى بىلمىدىم،
تىلىڭىزنىڭ ئۇچىدا
قەنت بار ئىكەننى بىلمىدىم.

باغ ئارا يۈزۈڭنى ئاچقىن،
مەن نىگارىمنى كۆرەي.
لەيلىگۈلدەك ئاچىلىپ،
ئايدەك جامالىڭنى كۆرەي.

ئەتىگەندە سەھەردە
يورغىلايدۇ بوز توشقان.
ئۈمىد ئۈزگىلى بولماس،
لېۋىگە شېكەر قوشقان.

مېھرىباندۇر ئۆزلىرى،
ئالەمگە مەشھۇر سۆزلىرى.
ھەر گۇناھىمدىن ئۆتۈڭ،
پادىشاھدۇر ئۆزلىرى.

قارا كۆزۈڭ قايناشۇر،
چاچىڭ بەلگە چىرماشۇر.
ئون بەش كۈندە بىر كەلسەم،
يارىم ماڭا يانداشۇر.

يارىمسەن، نىگارىمسەن،
بوينۇمدا تۇمارىمسەن.
ئاخشىمى قاراڭغۇدا
ياندۇرغان چىراغىمسەن.

سەن چالىسەن سازىڭنى،
مەن مەلەڭدىن ئۆتكەندە.
توختاپ قۇلاق سالىمەن،
ساز پەيزىگە يەتكەندە.

سەن چالىسەن سازىڭنى،
مەن مەلەڭدىن ئۆتكەندە.
— قاچان قىلىمىز توينى،
— سەن ۋايىڭغا يەتكەندە.

قارا كاجى تامبالنىڭ
كىيەي دېسەم قىرى يوق.
سىزگە باقسام، كوڭلىمنىڭ
قارايدىغان يېرى يوق.

ئۇ ئېتىزمۇ شاللىقكەن،
بۇ ئېتىزمۇ شاللىقكەن.

داشمان دۆڭدىن يار تۇتسام،
ئويناشلىرى داڭلىقكەن.

يار دېگەن تۇزۇك بولسا،
قولىدا ئۇزۇك بولسا.
بىر قېتىم سۆيۈپ قويسا،
كۆنلۈك ئوزۇق بولسا.

راۋابىمنىڭ دەستىسى
كەكلىك قېشى، يىلان بېشى.
ئىز دىسەم تېپىلغۇدەك،
چوكانلىنىڭ قەلەم قېشى.

ئويتوغراقنىڭ يولىدا
كىردى كۆزۈمگە قوم - توپا.
توپا كىرگەن كۆزۈمگە
يارىمنىڭ قولى شىپا.

قېلىن توغراق ئىچىدە
ئىمىن چوڭنىڭ ئۆيى بار.
ئالاي دېسەم بەرمەيدۇ،
ئانار گۈلدەك قىزى بار.

ئېرىقىڭنىڭ ئىچىدىن
كۆز مونچاق تېپىۋالدىم.
خۇمار كۆز شۇ يارىمنى
قوشاققا قېتىۋالدىم.

ئوقيارىنى ماختايدۇ،
دېگەن يەرگە يەتمەيدۇ.
ئەل يارىنى ماختايدۇ،
بىزنىڭ يارغا يەتمەيدۇ.

يارىمنىڭ بويى زىلۋا،
زىلۋا بويىدا گۈل بار.
شېرىن سۆزلىرى تاتلىق،
ئايدەك يۈزىدە خال بار.

كۆرۈنگەن قارا تاغلار،
ئارقىسى ئۈنىڭ باغلار.
بىزنىڭ يار كىچىك باللار،
بېلىگە دۈردۈن باغلار.

شەھەردىكى بايلارنىڭ
ئىككىدىن سارايى بار.
بىزنىڭ قارا كۆز يارنىڭ
ئالتۇندەك چىرايى بار.

يارىم ئۈسسۈل ئوينايدۇ
ئۆرۈلۈپمۇ، چۆرۈلۈپ.
شۇنچە ئەلنىڭ ئىچىدە
قىزىلگۈلدەك كۆرۈنۈپ.

دەريا مۇنداق ئاقارمۇ،
ئېقىپ قىردىن تاشارمۇ؟

يارىم كىيگەن ئارچىمبەل
مۇنداقمۇ يارىشارمۇ؟

قىزىلگۈل دېگەن نەرسە
بېھىشتىن چىققان نەرسە.
قىيامەتكە بارغاندا،
خۇدايىم ئىمان بەرسە.

ئون بەش ياشتىكى قىزلار
ئوسما قويۇپ ئوينايدۇ.
قارا كۆزنىڭ قويندا
بېلىق بولۇپ سويلايدۇ.

ئويمان بايتوقاي[①] سازى،
ئۆردەكتىن تولا غازى.
كىچىككىنە يار تۇتسام،
ئۆلتۈردى ئۇنىڭ نازى.

ھاۋادىكى لاچىننى
تور بىلەن تۇتاي دەيمەن.
مەشۇقۇم چىرايلىقنى
سۇ بىلەن يۇتاي دەيمەن.

ئېگىز تاغقا چىقتىم مەن،
يول تېپىپ چۈشەلمىدىم.

---

① ئويمان بايتوقاي — ئىلىدىكى بىر جاي ئىسمى.

چىرايىڭغا كۆيدۇم مەن،
ئەقلىمگە ئىشەنمىدىم.

ئوخشىتايمۇ ھۆسنۈڭنى
غۇنچە بىلەن پورەككە؟
چىرايىڭنى بىر كۆرۈپ،
ئوتلار كەتتى يۈرەككە؟

ئالتۇنمىكىن بويلىرى،
كۈمۈشمىكىن سۆزلىرى.
قايناپ تۇرغان بۇلاقتەك
بىر جۈپ قارا كۆزلىرى.

كۆيىمەنۇ كۆيىمەن،
قېشى قاراغا كۆيىمەن.
قېشىغا قاراپ تۇرۇپ،
شېكەر لېۋىنگە سۆيىمەن.

يارنىڭ يۈلىكى پاردىن،
يارى بولمىسا قايدىن؟
غۇنچە بويلىرى زىلۋا،
شېرىن سۆزلىرىڭ ئاندىن.

ئاسماندا مېنىڭ ئايىم،
قوغاندا مېنىڭ جايىم.
ئاڭلاڭلار، خالايىقلار،
گۈل قىسقان مېنىڭ يارىم.

بۇ كوچا ئۇزۇن كوچا،
چالما ئاتسام يەتمەيدۇ.
بۇ كوچىنىڭ قىزلىرى
مېنىڭ يارىمغا يەتمەيدۇ.

قىزىلگۈل غۇنچىسى يارىم،
سۆزۈمنى يەردە قويمايدۇ.
باغرىمغا بېسىپ سۆيسەم،
كۆزۈمگە قاراپ تويمايدۇ.

گۈلۈمسەنۇ گۈلۈمسەن،
نەپىس، زىلۋا گۈلۈمسەن.
يۈرىۋالسام بىر نەپەس،
دەردكە دەرمان گۈلۈمسەن.

هويلاڭدا يالغۇز كۆلچەك،
مېنىڭ يارىم كۈلگۈنچەك.
ئەقىللىق مېنىڭ يارىم،
شەرەت قىلسا بىلگۈنچەك.

ئەجەبمۇ ياراشىپتۇ
بىلەزۈك بىلەن جالا.
يۈرىكىمنى كۆيدۈرگەن
ئون بەش ياشتا قىز بالا.

شىشە قۇتىدەك، يارىم،
ئاپئاق ئۈپىدەك، يارىم.

ئاچچىقى كېلىپ قالسا،
قالماق بۇتىدەك، يارىم.

قوغۇن تېرىبدىم قەندەك،
ئەلمۇ تېرىسۇن مەندەك.
ئەل سۆيگەننى سۆيمەيمەن،
ئۆزۈمنىڭ سۆيگىنى قەندەك.

قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم،
جېنىم پىدا بولسۇن ساڭا.
جېنىمدىن كەچكەن سەتەڭلەر
ئاشنا بولسۇن ساڭا.

سەن قاياقتىن كېلىسەن،
چىرايلىقىم كۆزى خۇمار؟
ساڭا تىلىم تەگمىسۇن،
بوينۇڭغا ئاسقىن تىلتۇمار.

ئاتلارنى قويۇۋەتتۇق
ياپيېشىل قىياقلارغا.
يارنىڭ شولىسى چۈشتى
سۇ ئىچكەن بۇلاقلارغا.

بېشىڭدىكى دوپپاڭنىڭ
گۈللىرىنى كىم ئويغان؟
ئىسمىڭ بەك چىرايلىقكەن،
ئەزان چىللاپ كىم قويغان؟

ئىشىكىڭدىن مەن ئۆتسەم،
تەمبۇرۇڭنىڭ ئاۋازى.
مېنى مۇنچە كۆيدۈرگەن
كۆڭلىكىڭنىڭ پەۋازى.

يارىم خېنە قويۇپتۇ،
قانغا چىلىۋالغاندەك.
مەڭزىڭىز ئەجەب قىزىل،
چىشلەپ ئۈزۈۋالغاندەك.

قىزارىپ تەڭگە سىغماسمەن
مەگەر كۆرسەم جامالىڭنى.
جاھان ئەھلىگە بەرمەسمەن
سېنىڭدەك جورا خانىمنى.

ئىچمەككە ھاراق ئاچچىق،
ئىچكەندىن كېيىن تاتلىق.
ئاغزىڭدا ناۋات بارمۇ،
سۆيسەم لەۋلىرىڭ تاتلىق؟

يارىمنىڭ ئېتى ئايخان،
ئاڭا كۆيىدۇ بۇ جان.
كۆڭلىگە ئازار بەرمەڭ،
ئەجەب خۇشخۇي، ئەجەب ئوبدان.

قېشىڭىز قارا ئىكەن،
كۆزىڭىزگە كۆيدۈم مەن.

تىلىڭىز تاتلىق ئىكەن،
لېۋىڭىزگە سۆيدۇم مەن.

جىرغىلاڭنىڭ غوللىرى،
تارام ـ تارام كېچىكى.
جىرغىلاڭدىن بىر قىز ئالدىم،
قىزىل ئالما چېچىكى.

يارنىڭ يۆلىكى ياردىن،
يارى بولمىسا قايدىن؟
غۇنچە بويلىرىڭ زىلۋا،
شېرىن سۆزلىرىڭ ئاندىن.

يار ئىشىكىدە تۇرسا،
ئەيمىنىپ ئۆتەلمەيمەن.
بىر جىلۋە قىلىپ قويسا،
ئايلىنىپ كېتەلمەيمەن.

مەيگە چۈشكەن بىلەن،
ھېچ نەلەر كۆرۈنمەيدۇ.
يارنىڭ كۆزىگە قاراپ
ئۆتكەن كۈن بىلىنمەيدۇ.

ئېتىمنى چاپتۇرۇپ ئۆتتۇم
يارىمنىڭ كوچاسىدا.
ئامرىقىم چىقىپ كەلدى
ئاق كۆڭلەك ئۇچاسىدا.

جان ئىچىدە جانان قىز،
جانغا ئوتنى ياققان قىز.
قاشلىرى ئۇنىڭ مەھبۇب،
چاچلىرى سۇلايمان قىز.

جان ئىچىدە جانان قىز،
جانغا ئوتنى ياققان قىز.
سۆيەر يارنى كۆرگەندە،
ئالمىدەك قىزارغان قىز.

جان ئىچىدە جانان قىز،
جانغا ئوتنى ياققان قىز.
كىرپىكىنى ئوينىتىپ،
قىيا كۆزدە باققان قىز.

كۆردۇڭلارمۇ شۇ يارنى،
باشتىن ـ ئايىغى گۇلدۇر.
گۇل سايىسىدە ئولتۇرغان،
لەۋلىرى قىزىلگۇلدۇر.

باراڭنىڭ ئىچى سايە،
ئەتراپى ئۇنىڭ گۇلدۇر.
گۇل سايىسىدە ئولتۇرغان
جانانىم قارا كۆزدۇر.

لېۋىڭنى لەئەلدىن دەرلەر،
چىشىڭنى ئۈنچىدىن دەرلەر.

قول سېلىپ چىقىپ كەلسەڭ،
بۇ كىمنىڭ دىلبىرى دەرلەر.

يۈزلىرىڭ قىزىل ئالما،
كۆزلىرىڭ بۇلاق.
ساڭا شۇنچە گەپ قىلسام،
سالمايسەن قۇلاق.

چاقىم ئايلىناي دەيدۇ،
يارىم ماڭغان تەرەپكە.
سۆيگەن يارنىڭ چىشلىرى
ئوخشايدىكەن سەدەپكە.

بىر باغدىن چىقىپ كەلسەڭ،
كىمنىڭ دىلبىرى دەيمەن.
يەلپۈنسە قارا ساچىڭ،
مەجنۇنتالمىكىن دەيمەن.

ئالما ساتقىلى چىقسام،
قىزىلىنى تاللايدۇ.
ئالەمدە كىشى يوقتەك،
كۆڭلۈم سىزنى خالايدۇ.

يارىمنىڭ مېڭىشلىرى،
ماڭسا قول سېلىشلىرى.
ھېچ كىشىگە ئوخشىماس،
بىر قاراپ قويۇشلىرى.

سەنمۇ ئانارنىڭ دانىسىدەك،
مەنمۇ ئانارنىڭ دانىسىدەك.
يۈرىكىمگە ئوت كەتتى،
چاغاندا ياققان پانۇستەك.

باغىڭدىكى ئالماڭنى
چىشلەپ يەيمەن، ئۈزمەيمەن.
سېنىڭدەك گۈزەل ياردىن
ئۆلسەم ئۈمىد ئۈزمەيمەن.

زەرەپشاندا سۇ ئاقتى،
تاشتىن ـ تاشقا شارقىراپ.
يارىم كەلدى قېشىمغا،
تولغان ئايدەك پارقىراپ.

خۇمار كۆزلۈك، شېرىن سۆزلۈك
يارىم بار مېنىڭ.
خالايىقنىڭ كۆزى چۈشكەن
ئايىم بار مېنىڭ.

باغدا كۆردۇم يارىمنى،
قىزىلگۈلنىڭ تۈۋىدە.
يار مېنى كۆرگەنمىكىن،
ئىشق يانغان كۆزىدە؟

يا ئۈيان ئۆتەشىم بار،
يا بۇيان ئۆتەشىم بار.

ياتـ بىلەن نېمە ئىشىم،
قورغۇيدەك ئاداشىم بار.

يول بويىدا بىر بۇلاق،
چۆرىسى تۆت قولاق.
مېنىڭ يارىم ئانارگۈل،
بىلەكلىرى تومۇلاق.

مەن يارىمنى ئاي دېسەم،
ئاينىڭ باھار ـ يازى يوق.
يۈرىكىمنى كۆيدۈرگەن
تۇرلۇك ـ تۈمەن نازى يوق.

لاچىن قوندى تېرەككە،
ئوتنى سالدى يۈرەككە.
ھەرگىز كۆڭۈل بەرمەيمەن،
قارا كۆزدىن بۆلەككە.

ئىشىك ئالدى شاپتۇللۇق،
ئايىغى قىزىل گۈللۈك.
شۇنچە يارنىڭ ئىچىدە،
يارىم ئۆز، لەۋەن، ئوڭلۇق.

يۈزلىرى ئاتەش مىسالى،
لەۋلىرىدە كۈلكە بار.
كۆزلىرىدە مېھرى ئىسسىق،
قەلبى يارنىڭ بىغۇبار.

يار مېنى كۆلدۈردى،
كۆلدۈرۈپ كۆيدۈردى.
بىر خۇمارلىق بېقىشى
كۆيدۈرۈپ سۆيدۈردى.

ئايغا ئوخشاش يارمۇ سەن،
كۈنگە ئوخشاش يارمۇ سەن؟
ئاخشاملىققا مەن باراي،
يار، ئۆيۈڭدە بارمۇ سەن؟

سارىخان قىزىلگۈلدەك،
بىز ئىشقىدا بۇلبۇلدەك.
بىر بەلگە بېرىپ قويسا،
خىزمىتىدە بىز قۇلدەك.

سارىخان ئۆزى چاققان،
مەن ئىزدەپ ئاران تاپقان.
ۋەدىسىدە تۇرارمۇ دەپ،
كۆپ ئويلاپ بېشىم قاتقان.

سارىخان خۇمار كۆزلۈك،
دىل سۇخەن شېرىن سۆزلۈك.
دۈشمەنلەر كۆرەلمەيدۇ،
قىلىدۇ ئالا كۆزلۈك.

مېنىڭ يارىم سارىخان،
بىر ئۆزۈملا خالىغان.

كۆزلىرى كۆرمەس بولسۇن
يامان كۆزدە قارىغان.

قارا ساينىڭ تاشلىرى،
لەۋەن يارنىڭ قاشلىرى.
كىيىك ئاتقان پالۋاندەك
سىنچىلاپ قاراشلارى.

ئاسماندىكى كۈنمۇ سەن،
بۇلاقتىكى ئايمۇ سەن؟
لەۋلىرىمنى كۆيدۈرگەن،
چۆگۈندىكى چايمۇ سەن؟

يۈرىكىمگە ئوت سالغان،
شېرىن سۆزلۈك قەلەم قاش.
گەپ قىلسام كۈلمەيدىكەن،
مەڭزى قىزىل، باغرى تاش.

بىر كۈلۈپ بەرگىن دېسەم،
ئاچىلمايدۇ چىرايى.
ئادەم ـ ئىنسان ئىچىدە،
نېمە ئىكەن خىيالى.
تولۇن ئايغا ئوخشايدۇ،
قۇرغۇيۇمنىڭ جامالى.

ئەتىگەن چىقتى شامال
كۈن پاتقۇچە توختىماي.

ئۈنتۈپ قالدىڭمۇ، يارىم،
بىرەر ۋاقىتنى يوقلىماي.
شۇ مەلىنىڭ ئىچىدە
ساڭا كىمنى ئوخشىتاي؟ !

سۈزۈك بۇلاق چىرايىڭ
ئوخشايدۇ ھۆرلىقاغا.
تاڭ ئاتقۇچە قارايمەن
ھاۋادىكى تولۇن ئايغا.
ئۈچ كۈن بولدى ناشتىسىز
تاۋىم كەلمەي غىزاغا.

چىرايىڭغا قارىسام،
تۇرالمايمەن ئورنۇمدا.
يالتىرايدۇ مارجانلار
كۆز ـ كۆز قىلىپ بوينۇڭدا.
بىلەزۈكمۇ قاشتېشى،
ئاق بېلىقتەك قولۇڭدا.

جاڭگالدىكى ئاتلارنىڭ
چىرايلىقكەن قاشقىسى.
بۇ كۆڭۈلگە باقمايدۇ
قىزىلگۈلدىن باشقىسى.
ئەجەب مۇڭلۇق ئاڭلاندى
ئۇنىڭ ئېيتقان ناخشىسى.

قوندۇزغا ئوخشاش قاشىڭىزنىڭ قاراسى،
لاچىنغا ئوخشاش مۇشۇ يەرنىڭ ئاناسى.
شۇڭا بىزنى ئەمەكلەپ يېقىن قىلغان
لىغىلدىغان قوش ئالماڭنىڭ ئاراسى.

كۆيگەن جانلار گۆھەرلەرگە ئوخشىماس،
مېنىڭ كۆڭلۈم بۆلەك يەردە توختىماس.
مىڭ ئادەمنىڭ قاتارىدا تۇرغۇزسام،
قىزىلگۇلۇم ھېچكىمگە ئوخشىماس.

ئايگۇلۇمنىڭ بويلىرى مەجنۇنتالدەك،
گەپ - سۆزلىرى شېكەر بىلەن ناۋاتتەك.
ئۇ ھېچ يەردە ئوخشىمايدۇ ھېچكىمگە،
كۆھىقاپتا تۇغۇلغان پەرىزاتتەك.

مېنىڭ يارىم بۇ مەلىدە بەك نوچى،
ئورما ئورۇسام سەن كەينىمدە قوي ئۇنچە.
ئەل ئىچىدە تاللاپ تۇرۇپ ئات قويدۇم،
يارىشامدۇ قويغان ئىسمىم گۈل - غۇنچە.

سەندەك بىر گۈل بۇ زېمىندا تۇغۇلماس،
تۇغۇلسىمۇ ماڭا سەندەك تۇيۇلماس.
بىر يىل بولدى سەن گۇلۇمنى كۆرمىدىم،
شۇندىن بېرى مېنىڭ كۆڭلۈم ئېچىلماس.

قاينار بۇلاق كۆزۈڭنى،
ياد قىلارمەن ئۆزۈڭنى.

قەلبىمگە پۈكۈپ قويدۇم
شېرىن ناۋات سۆزۈڭنى.

تاڭدا چىققان چولپاندەك
شۇ يارىمنىڭ كۆزلىرى.
قامىتىگە ياراشقان
گۈلگە ئوخشاش يۈزلىرى.

لەپ ـ لەپ قاراپ بېقىشى
جاننى تەندىن ئالادۇر.
شېرىن ـ شېكەر سۆزلىرى
دىلغا بەكمۇ ياقادۇر.

قارا ياغلىق يارىشىپتۇ يۈزۈڭگە،
ئىچىم كۆيدى ئىككى چولپان كۆزۈڭگە.
كۆيۈپ ـ كۆيۈپ قارا تاشلار ئېرىيدۇ،
ئاغزىڭدىكى ھەسەل ئوخشاش سۆزۈڭگە.

ئون قولىدا ئون ئۈزۈك،
لەئەل ئوخشاش كۆزى بار.
قانداق كىشى تۇغقاندۇر،
ئەجەب تاتلىق سۆزى بار.
ئوت كۆيۈك ماڭا چۈشتى،
مەن يىغلايمەن زارى ـ زار.

باغىم بارۇ باغىم بار،
باغىمدا ئانارىم بار.

سەن يارىڭنى داغلايسەن،
مېنىڭ لەۋەن يارىم بار.

ئاق بوز ئاتنى داغلايدۇ،
قارا بوز ئاتقا يەتمەيدۇ.
جۇۋانلارنى داغلايدۇ،
ياش قىزلارغا يەتمەيدۇ.

سەككىز ئوتاق يوللىرى
كۆك يانتاق بىلەن تولغان.
شېكەرخاننىڭ قوللىرى
خىنە قويۇپ گۈل بولغان.

بىزنىڭ يار چىرايلىقنىڭ
ئۈستۈن باشتا ئۆيى بار.
ئاشۇ باغدا ئۆستۈرگەن
زەپ چىرايلىق گۈلى بار.

قۇشقاچ قوندى پەغەزگە،
خەت پۈتەمدۇ قەغەزگە.
ياش باللار كۆيۈپ قاپتۇ،
ئاي يۈزلۈك قارا كۆزگە.

سەندەك قىزىلگۈل
هېچ باغدا بولماس.
كۆرسەم سېنى مەن،
يۈرەك يېرىلماس.

تاغ باغرىدا ئۈينايدۇ
تاغنىڭ تۈلكىسى.
مېنى خۇشال قىلغىنى
يارنىڭ كۈلكىسى.

بىزنىڭ يارنىڭ قولىدا
گۈلى بار پەرەڭ ياغلىق.
قىلىقىڭنى دېمىسەم
چىرايلىقلىقىڭ چاغلىق.

يارىم تېرىغان كېۋەز
ئۈنۈپ چىقتى قوش قولاق.
يارنىڭ بويى زىلۋا،
كۆزلىرى ئاتەش بولاق.

ئىشىكىڭدىن ئۆتكەندە،
ماڭا ئاتقان چالمىمۇ؟
كۆكسۈڭدە لىغىلدىغان
نەشپۈتمۇ يا ئالمىمۇ؟

باغدىكى ئەينۇلاڭنىڭ
شاخلىرى جەينەكچە بار.
بىزنى كۆيدۈرگەن يارنىڭ
بەللىرى چىمەكچە بار.

يارىمنىڭ قارا ساچى
چۈشۈپتۇ ئاياغىغا.

مەڭزىگە سۆيۈپ قويۇپ،
قارايمەن سىياقىغا.

پاكچۇ كۆڭلىكىم بولسا،
بازار ئىچىدە كىيسەم.
خۇماركۆز مېنىڭ بولسا،
دۈشمەن ئالدىدا سۆيسەم.

بولسا قاناتىم،
ئۇچسام ھاۋاغا.
ئىشقىم چۈشۈپتۇ
بىر خۇشناۋاغا.

مەشرەپتە كۆڭلۈم
ئۇچتى ساماغا.
ئەگىلىپ كېلىپ
قوندى زىباغا.

زىبادۇر ئۆزى
ئۇيغۇرنىڭ قىزى.
چاچلىرى سۇمبۇل
قۇندۇزنىڭ كۆزى.

قاشلىرى قەلەم،
بويلىرى غۇنچە.
لەۋلىرى ياقۇت،
چىشلىرى ئۈنچە.

چۈشسە ئۇيسۇلغا،
پەرىمۇ خىجىل.
ئاشۇ گۈزەلگە
مەن بولدۇم ئىجىل.

كىلىك ئوينايلى،
ئەي گۈلى رۇخسار.
سىز ئۇسسۇل ئويناڭ،
مەن چالاي دۇتار.

باغدا قىزىلگۈل،
سايرايدۇ بۇلبۇل.
ھەر جايدا يوقتۇر،
سەندەك زىباگۈل.

باغدا تۇرۇمتاي،
كەپتەرنى ئالغاي.
قويۇپ بېرىڭلار،
ياخشىغا قونغاي.

ئۈچتى قارچىغام،
قوندى تېرەككە.
ئەرزىمنى ئېيتاي،
زىبا سەنەمگە.

ئاسماندىكى ئاينىڭ
ئىككى ئۈچى ئورغاقتەك.

مېنىڭ يارىم لەۋەننىڭ
مەڭزى قىزىل توغاچتەك.

ئايغا ئوخشاتتىم سېنى،
كۈنگە ئوخشاتتىم سېنى.
چىرايىڭنى ئاچمايسەن،
كىمگە ئوخشاتتىڭ مېنى.

تېپىۋالدىم دەريادىن
ئاپئاق يۇمىلاق تاشنى.
قوشاققا قېتىۋالدىم،
ئامرىقىم قەلەم قاشنى.

پاكار ـ پاكار لالە شېخى
بويلىغىلى ياخشى.
سىزمۇ ياخشى، بىزمۇ ياخشى
ئوينىغىلى ياخشى.

بىزنىڭ يارلار بەك چاققان،
جۈپ تەشتەكتە گۈل باققان.
دوست ـ دۈشمەنلەر كۆرەلمەي،
ئارقىمىزدىن گەپ تاپقان.

بۇ يوللار ئۇزۇن يوللار،
تاشى بار، توپاسى يوق.
بىزنىڭ يارلار ئەقىللىق،
مېھرى بار، جاپاسى يوق.

ئۆستەڭ بويى ئېگىز قاش،
كەتمەن چاپسام تېگى تاش.
مېنىڭ سۆيگەن شۇ يارىم
مەڭزى قىزىل، قارا قاش.

بېشىدا شايى رومال،
ئېلىپ قاچتى سالقىن شامال.
مېنى شۇنچە كۆيدۈرگەن،
ئاي يۈزلۈك ساھىبجامال.

ئىشىك ئالدى يۇلغۇنلۇق،
ئايىغى قىزىلگۈللۈك.
يېڭىياچە يار تۇتسام،
دوپپىسى بادام گۈللۈك.

يارىم كەلدى قېشىمغا،
دۆلەت قوندى بېشىمغا.
يامان كۆزۈم تەگمىسۇن
قۇرغۇيدەك ئاداشىمغا.

ئاشىق بولدۇم ئۆزۈڭگە،
گۈل پەرى رۇخسارىڭگە.
نېمە قىلساڭ ئەرزىيدۇ،
كۆزلىرى خۇمارىڭگە.

توقاچ ياقتىم تونۇرغا،
ئۆرلەپ چىقتى ھۇپپىدە.

مەن يارىمنى چاي بىلەن
يۇتۇۋەتسەم گۇپپىدە.

چىراغ بارمۇ ياقۇدەك،
چاقماق بارمۇ ياقۇدەك؟
شۇ مەلىدە بىر قىز بار،
ئاستا ئېلىپ قاچقۇدەك.

قاشىڭىز قارا ئىكەن،
كۆزىڭىزگە كۆيدۈم مەن.
تىلىڭىز تاتلىق ئىكەن،
لېۋىڭىزگە سۆيدۈم مەن.

قارلىغاچىنىڭ قاناتىدەك
قاپقارادۇر قاشلىرى.
ئۆزلىرىگە ئوخشىماس
بۇ ئالەمنىڭ ياشلىرى.

سىرلىق ساندۇق سىرىمەن،
ئىككى گۇلنىڭ بىرىمەن.
بىرى كاككۇك، بىرى زەينەپ،
بىرى سىلى، بىرى مەن.

يارىمنىڭ قولىدىكى
گۇلە ئەمەس، قاق ئىكەن.
لەۋلىرى ئەجەب سۇزۇك،
بىلەكلىرى ئاق ئىكەن.

ئەنجان دوپپا ئېپ بەرسەم،
تۇماق بىلەن ياز قىللا.
بىر سۆيۇپ قويۇڭ دېسەم،
ئەجەب تاتلىق ناز قىللا.

يارىم كەپتۇ يىراقتىن،
ئىشق ئوتى پىراقتىن.
ئەجەب نۇرلۇق كۆرۈندى،
كېچە ياققان چىراغتىن.

ئەجەب ئوڭلۇق ئۆزىڭىز،
شېرىن ـ شېكەر سۆزىڭىز.
ئوت ياندۇرۇپ يۈرەكتە،
ئويناپ تۇرار كۆزىڭىز.

ئاق كەپتەرمۇ موللاقچى،
كۆك كەپتەرمۇ موللاقچى.
يارىمنى يامان دېمەڭ،
ئۆزى خۇشخۇي، چاقچاقچى.

بۈگۈن چىققان تولۇن ئاي،
ئاخشامقىغا ئوخشىماس.
شۇ يارىمنىڭ قىلىقى
باشقا يارغا ئوخشىماس.

ئاسماندىكى ئايمىدەك
كۆڭلۈمدىكى يارىم بار.

گۈزەل يارىم چىمەندىن
ئايرىلماس قارارىم بار.

تۆگە بالىسى تايلاق
ئوتنىڭ ئۇچىنى يەيدۇ.
مېنىڭ يارىم چىرايلىق،
كۆزنىڭ يېغىنى يەيدۇ.

كۆرپىگە ئوخشاش ئۆستەڭ بويى قىياقى،
جاندىن ئۆتتى بۇ يوللارنىڭ يىراقى.
يالغۇز ئۆيدە ئولتۇرامسىز خورلىنىپ،
ئاق مەلىكە، مەلىمىزنىڭ چىراغى؟

ياراشىپتۇ قاشلارىڭ
نەمگە ئۇنگەن قىياقتەك.
قوتانىڭدا ئولتۇردۇم
باغلاقتىكى ئۇلاغتەك.
ئويناپ جاننى ئالادۇر،
ئىككى كۆزۈڭ بۇلاقتەك.

ئەخمەق ئۆزۈمنى داڭلاپ،
قولۇم يەتمەي تۇرناغا.
قۇشلىسام دەپ تۇرنانى،
يىغلايمەن خۇداغا.
سىياقىڭنى ئوخشىتاي،
بۇرۇن ئۆتكەن زۆھراغا.

مەن دەردىمنى ئېيتايمىكىن ئۆزۈڭگە،
تىل تەگمىسۇن قاشىڭ بىلەن كۆزۈڭگە.
جېنىم يارىم، ئوخشىمايسەن ھېچكىمگە،
مەن ئوخشاتتىم بېھىشتە قىزىلگۈلگە.

ئالسام ئىكەن سۆزەتىڭنى مەن سىزىپ،
كېتەلمەيمەن سېنىڭدىن ئۈمىد ئۈزۈپ.
ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئايغا ئوخشاتتىم،
تورغايخانىنىڭ چىرايى ئەجەب سۈزۈك.

ئوخشاتمايمەن ئۆتۈپ كەتكەن يىللارغا،
بىر قاراشىڭ ھۇزۇر بېرەر دىللارغا.
قىزىلگۈلنىڭ ئويناقلاپ كۈلگەننى
تېگىشمەيمەن يۈز مىڭ ئالتۇن تىللاغا.

قۇندۇز ئوخشاش قاشىڭىزنىڭ قاراسى،
قۇرغۇي ئوخشاش بويىڭىزنىڭ تاناسى.
تىل تورغىيىم بىزنى شۇنچە كۆيدۈردى،
لىغىلدايدۇ قوش ئالماڭىز ئاراسى.

سۇنى قويدۇم شورتاڭ يەرلەر قانار دەپ،
ئۈمىد قىلدىم ئون بەش كۈندە يانار دەپ.
قىزىلگۈلۈم، ئوينار خىيالىڭ بولسا
ئەزان ئېيتىپ ئاتىڭنى قوي «ئانار» دەپ.

قارا قاشىنىڭ ئوتلىرى،
ئوچاق ئوتى چوغىدەك.

قارىۋالدى يىگىتلەر
قارا قاشقا تويغۇدەك.

مورى ـ گۇچۇڭ يوللىرىدا
تال ـ تال قومۇش بار.
بىزنىڭ ئاشۇ ئوبدان ياردا
ئەدەپ ـ نومۇس بار.

مېنىڭ ئاشۇ يارىمنىڭ
ئوڭ قېشىدا مېڭى بار.
خالايىقلار ئىچىدە
هايالىق، دەپ دېگى بار.

ئۆيدىن چىقىپ كەلدى
گۇلدەك ئېسىل گۇلئايىم.
سۆزلىرى شېكەر ـ شېرىن،
بۇغداي ئۆڭلۈك مۇلايىم.

ئالما گۇلىدەك، يارىم،
خېنە گۇلىدەك، يارىم.
هەر بىرىڭ قىزىلگۇلدەك،
قايسىڭدىن كېچەي، يارىم؟!

يارىم كۈلۈپ كېلىدۇ
چۇمۇلىدەك بەل بىلەن.
يارىمنى باقاي ئەمدى
قەنت ـ ناۋات، هەسەل بىلەن.

تام بېشىدا ئۈلتۈرۈر
شەمشات بويلۇق شوخ يىگىت.
ئاغزىدىن بال تامار،
كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ يىگىت.

يارنىڭ ئىسمى گۈلئايىم،
مېنىڭ ئىسمىم شىرسايىم.
باشقىلارنىڭ يارىدىن
مېنىڭ يارىم مۇلايىم.

يازغى بۇغداي، كۈزگى بۇغداي،
دانلىرى ھېچ ئوخشىماس.
بىزنىڭ يارنىڭ مىجەزى
ھېچ كىشىگە ئوخشىماس.

كەرچە ـ كۆكيار تاغلىرى،
ئىپار پۇرايدۇ باغلىرى.
قاچان كېتەر تىلىمدىن
ناۋات سالغان چايلىرى.

شاپتۇلنىڭ قېقى، دەيمىز،
ئۆرۈكنىڭ قېقى، دەيمىز.
بىزنىڭ يار قارا كۆزنى
كۆڭۈلنىڭ ئېقى، دەيمىز.

ئىككى كۆزۈڭ ئوخشايدۇ
چىمەندىكى بۇلاققا.

بىر كۆرۈپ جامالىڭنى،
ئەجەب قالدىم يىراقتا.

قېشىڭ شوختۇر، قېشىڭ شوختۇر،
قېشىڭدىن كۆزلىرىڭ شوختۇر.
جاھاننى ئايلىنىپ كەزسەم
سېنىڭدىن ياخشى يار يوقتۇر.

قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسى
ئېچىلارمۇ ئېچىلماس؟
بىزنىڭ ياردەك قەلەم قاش،
باشقا يەردىن تېپىلماس.

قېشىڭىز بەرگى قىياقتەك،
كۆزىڭىز يۇلتۇز ئىكەن.
مېھرىڭىز گوياكى ئاتەش،
قەلبىڭىز يالقۇن ئىكەن.

مېنىڭ يارىم رەيھاننىڭ
كۆزى چولپان يۇلتۇزدەك.
قاشلىرى بەرگى قىياقتەك،
چاچلىرىدۇر قۇندۇزدەك.

بىزنىڭ باغدا گۇلسۇرۇخ
ئېچىلىپتۇ رەڭمۇرەڭ.
ماڭا كۆيگەن چىرايلىق
قەلەم قاشلىق، ئالما يەڭ.

ئۆرتەڭ يولى تېرەكلىك،
ئەتراپى قورام تاشلىق.
ئۆرتەڭدە بىر يارىم بار،
زىلۋا بوي، قەلەم قاشلىق.

يارنىڭ بېغىدا ئۆرۈك،
ئىشىك ئالدى ئۈچ كۆۋرۈك.
بۇ دۇنيادا بارمىكىن،
بىزنىڭ ياردەك ئاي يۈزلۈك؟

يۇمىلاققا يۇمىلاق،
يۇمىلاققا مەن ئامراق.
يېڭى شەدىن يار تۇتتۇم
ئوينىغۇچتەك دومىلاق.

يارىمنىڭ كەتكەن يېرى
دالانكارىز، يانبۇلاق.
مېنىڭ يارىم ئانار يۈز
تولۇن ئايدەك يۇمىلاق.

يارىمنىڭ ئىككى مەڭزى
باغدا پىشقان ئانار دەك.
يارنى كۆرۈپ يورۇدۇم،
كېچە يانغان پانار دەك.

يار بىلەن كۆرۈشكەندە
قاپقاراڭغۇ تۈن ئىدى.

بىزنىڭ يارنىڭ چىرايى
تولۇن ئايدەك كۆرۈندى.

باغدىكى زىلۋا تېرەك
بويلىرىنىڭ تۈزلۈكى.
يېڭى باغنىڭ ئالمىسىدەك
چىرايىڭنىڭ ئۈزلۈقى.

يار كىيگەن دۇردۇن كۆڭلەك
بويىغا ياراشىپتۇ.
يارىم كوچىدا ماڭسا،
يىگىتلەر قاراشىپتۇ.

ھاۋاخان تىكىپ بەردى
دەمبىزىدىن قولياغلىق.
ھاۋاخانلار بار يەردە
ئايدەك جۇۋانلار چاغلىق.

ئىشىك ئالدى زاراڭزا،
ئېچىلىپتۇ ھەر ياڭزا.
نېمە ئۈنچە قىلىسىز،
بولۇپ كۈندە ھەر ياڭزا؟!

ياخشى ئاتقا بىر مەنزىل،
پىچان خاندۇڭ ئاراسى.
خاندۇڭدە بىر يارىم بار،
كۆزلىرىمنىڭ قاراسى.

ئىلىخو دېگەن يەردە
ئۈن تاسقايدۇ لەڭزىدە.
ئۈرۈمچىدە يارىم بار،
قان تامىدۇ مەڭزىدە.

ھاۋادىكى لاچىنمۇ
يەردىن ئوزۇق ئىزدەيدۇ.
بىر جۇۋانغا سۆز بەرسەم،
قىزدىن نوچا بىز، دەيدۇ.

سېرىقچېچەك سايدا بار،
سەندەك جۇۋان قايدا بار؟
سېنى بىر سۆيۈۋالسام،
قىيامەتتە پايدا بار.

پىچاننىڭ بازارىدا
شاپتۇلنىڭ قېقى بار.
چىرايلىق يار تۇرپاندا،
چوكانلارنىڭ ئېقى بار.

تاغلاردا تولا ئىكەن
توپ - توپى بىلەن كەكلىك.
يارىمنىڭ سۇمبۇل چېچى
تولغاپ سۆيگىلى ئەپلىك.

باغنىڭ چۆرىسى جىگدە،
جىگدىنىڭ چېچىكى بار.

يارنىڭ سۇمبۇل چېچىنىڭ
چاچتەڭگە پۇچەكى بار.

راۋابىمنىڭ ئۈچى ئەگمەچ
ئوينىغۇچتەك بېشى بار.
كۆزلىرىگە ياراشقان
قارلىغاچ قانات قېشى بار.

ئات بېشىنى قايدۇرغان
كالا تېرىسى تاسما.
ياش باللارنى كۆيدۈرگەن
قېشىڭدىكى كۆك ئوسما.

ئۈزۈن سايىنى يول قىلدىم،
تاينى مىنىپ ئات قىلدىم.
ماختاپ ئاشۇ يارىمنى،
ئاسماندىكى ئاي قىلدىم.

تاغقا چىقتىم بىر كۈنى،
ئېتىپ كەلدىم تۈلكىنى.
مېنىڭ يارىم كىيىۋاپتۇ،
ئالتۇن زەرلىك بۆكىنى.

قارا قىزنى ئۈز قىلغان
مۇشۇ كۈنىنىڭ ئۈپىسى.
ياش يىگىتنى كۆيدۈرگەن
ئۈنىڭ تىككەن دوپپىسى.

چىقتىم[1] يوللىرى يول بوپتۇ،
قومۇشلىرى گۈل بوپتۇ.
چىقتىمنىڭ چوكانلىرى
خويمۇ ئوبدان گۈل بوپتۇ.

ئاق كۆڭلەك، قىزىل كۆڭلەك،
قىزلار كىيسە يارىشار.
سەن چىرايلىق دەپ قويسا،
بۇلبۇل بولۇپ سايرىشار.

كارىزلاردىن ئاققان سۇ
كۆلگە كېلىپ توختايدۇ.
چېۋەر يارىم قەلەم قاش
قىزىلگۈلگە ئوخشايدۇ.

بارغۇچە باغ بىرلە باردىم،
يانغۇچە تاشلىق بىلەن.
يۈرىكىم قانماسمىدى
قاپقارا قاشلىق بىلەن؟!

ئالما قېقى، ئۆرۈك قېقى،
يېگۈم كېلەر شاپتۇل قېقى.
بۇ دۇنيادا ئاز ئىكەن
بىزنىڭ ياردەك دىل سېقى.

① چىقتىم — پىچاندىكى بىر يېزىنىڭ ئىسمى.

كىمخاب كۆڭلەك كىيىپتۇ
قارا قاش يارىم مېنىڭ.
قارا قاشتىن ئايرىلسام،
نېچۇكتۇر ھالىم مېنىڭ؟ !

ھاۋانى تۇمان باستى،
قۇم يەرنى بوران باستى.
تولۇن ئايدەك يار بىلەن
ئويناپ كۆلگىنىم قالدى.

قارا قاشنىڭ چېچىدا
قىزىل پۆپۈك جالاسى.
قارا قاش كېتىۋېلىپ
بىزگە قالدى بالاسى.

قارا قاش، قاۋۇل يارغا
ئاشنا بولسا كىشى.
جاننى جانغا ئۇلاپ
قول تۇتۇشۇپ كەتسە كىشى.

كوچىنىڭ ئوتتۇراسىغا
گۈلخان يېقىپتۇ بەگلەر.
كۆيمىسەممۇ كۆيدۈردى،
چېچى ئۇزۇن يەڭگىلەر.

قىزىلگۈلنى گۈل دەيدۇ،
ئەتىرگۈلگە يەتمەيدۇ.

ئەتىرگۈلدەك يارىم بار،
خىيالىمدىن كەتمەيدۇ.

قاراغوجا، ئاستانىنىڭ سۈيى
قاراڭغۇ باغلاردىن ئاقۇر.
ئوسمىسى چارەك جۇۋان
يۈرەككە ئوتلارنى ياقۇر.

چىراغىڭنى ياندۇرۇپ
قويدۇم موراڭنىڭ بېشىدا.
ياغ قۇيۇپ پىلىك سالاي،
ئايدەك جۇۋاننىڭ ئىشقىدا.

يارنىڭ بېشىغا چەككىنى
قىپقىزىل پەرەڭ ياغلىق.
خۇي - پەيلىنى دېمىسەم،
چىرايلىقلىقى چاغلىق.

يارىشىپتۇ ئەجەبمۇ
ئەتلەس كۆڭلەك بويۇڭغا.
خويمۇ ئىچىم كۆيىدۇ
ناشىكەردەك خۇيۇڭغا.

يارىم چۈشكەن مەپىنىڭ
يوغان ئىكەن ئاتلىرى.
ئاللمايدۇ كۆڭلۈمنى
سەن يارىمدىن ياتلىرى.

يارىمنىڭ ئات مىنىشى
گۈلگە بۇلبۇل قونغاندەك.
يارىم كەلدى قېشىمغا،
كۆيگىنىمنى تۇيغاندەك.

ئۆرتەڭنىڭ سۈيى كېلىپ،
لەمجىنلەرگە ئاقىدۇ.
ئۆرتەڭلىكتىن يار تۇتساڭ،
پاقلان گۆشىدە باقىدۇ.

بېشىمدىكى دوپپامنى
يارىم تىكىپ كىيگۈزگەن.
ھالۋا ئېتىپ شىرنىدىن
ئىسسىققىنا يېگۈزگەن.

قۇرغۇيۇم ئۇچۇپ كەتتى
بىر غۇلاچ يىپى بىلەن.
يارىم مېنى كۆيدۈردى
ناۋاتتەك گېپى بىلەن.

يۇقىرىدىن سۇ كەلدى،
تاشتىن - تاشقا شارقىراپ.
مېنىڭ يارىم كېلىدۇ،
ئالتۇن تاجدەك پارقىراپ.

ئېگىز دۆڭگە غۇنچە سالدىم،
ئاراشتا قالدى.

ئەتىۋارلاپ تۇتقان يارىم
تالاشتا قالدى.

قاشنى قاشقا ئۇلىسا،
بوغدايغا باغلىق بولغۇدەك.
يېڭى يار تۇتقان كىشى
سەۋدايى ئاغرىق بولغۇدەك.

قارا قاش مىنگەن ئاتىنىڭ
كۈمۈش قاشلىق ئېگىرى.
قارا قاشقا كۆيگەننىڭ
كۆل بولامدۇ جىگىرى؟

قارا قاشنىڭ تۇمىقى
قارا كۆرپە ئەمەسمۇ؟
كۆزدىن ئۇيقۇ قاچۇرغان
كۆيۈك ئوتى ئەمەسمۇ؟

سۆسەر تۇماق كىيگەنلەر،
لەۋەننى تاللاپ سۆيگەنلەر.
قاش ـ كۆزىنى ئوينىتىپ،
يۈرەك ـ باغرىمنى ئەزگەنلەر.

كەچ بولدى، زاۋال بولدى،
بىزنىڭ يارغا ئۇۋال بولدى.
بەش يۇڭلۇق ئۇپا سۇرۇپ،
مىڭ سەرلىك جۇۋان بولدى.

ئالما يەيمەن، ئۆرۈك يەيمەن،
تۆپە شاخلارنى ئېگىپ.
كۈنچىقىشتا بىر يارىم بار،
ئۆلمىسۇن تىلىم تېگىپ.

قارا قاشنىڭ كېڭىدا
ئالا مۈشۈك ياتىدۇ.
چىقىپ كەتسەم يۈرتىدىن،
بىزنى قاچان تاپىدۇ؟

كۆك قومۇشقا ئوتنى ياقسام
ئىسى ئاسمان ـ پەلەكتە.
يارىمنىڭ شېرىن سۆزى
ساقلىنىدۇ يۈرەكتە.

دەندەن چوكىدەك قوللىرى،
تال چىۋىقتەك بويلىرى.
مېنى ئەجەب خۇش قىلدى،
شېرىن ـ شېكەر كۈيلىرى.

ئاتا لازىم، ئاتا لازىم،
تاماكاڭغا چىلىم لازىم.
سېنىڭدەك ياخشى يار بولسا،
ماڭا ئوقەت نېمە لازىم؟!

ئەي پەرىنىڭ پەرىسى،
سۇمبۇل چېچىڭ بېلىڭدە.

مەن سۆيسەم ئەجەب تاتلىق،
ھەسەل بارمۇ لېۋىڭدە؟

قارا ــ قارا قاشلارىڭنى
قارا خەتكە ئوخشىتاي.
سېنىڭ قىلغان خۇيلىرىڭنى
ئەمدى قاچان ئۇنۇتاي؟ !

باغقا كىرسە قارا قاش
ۋىچىرلايدۇ ئاق قۇشقاچ.
كەلدىم، يارىم، سېنى دەپ،
چاققان بول، قوينۇڭنى ئاچ.

قېشىڭىزنىڭ قارىلىقى
قارىمۇق دانىنىڭ ئۆزى.
يۈرىكىمگە ئوت سالدى
قېشى قارىنىڭ كۆزى.

قېشىڭىزنىڭ ئەگمىسى
قارلىغاچنىڭ قۇيرۇقى.
مەن ئىشقىڭدا ھېرىسمەن،
بۇ خۇدانىڭ بۇيرۇقى.

قارا قاشقا كۆيۈپ قېلىپ،
قالدىم بالاغا.
زەپىراندەك سارغىيىپ،
يىغلاي خۇداغا.

قارا ــ قارا قاشلىرىم،
تىزغا چۈشتى باشلىرىم.
يارنىڭ يولىغا قاراپ،
ئاقىرىپ كەتتى باشلىرىم.

ئېرىقنىڭنىڭ كىچىكلىكى،
سۈيىنىڭ سۈزۈكلۈكى.
مېنى شۇنچە كۆيدۈرگەن،
خۇيىنىڭ تۈزۈكلۈكى.

ئاسماندىكى تولۇن ئاي
ئون بەش كۈندە بىر تولۇر.
يارىمدىكى ناز ــ خۇلق
يەنە كىمدىن تېپىلۇر؟!

گۈل ئارىلاپ ئۇچۇپ يۈرگەن
جېنى نازۇك كېپىنەك.
مېنى شۇنچە كۆيدۈرگەن
ئون بەش ياشلىق سىڭىلەك.

ئەسسالام، دەپ ئۆيگە كىرسەم،
ئۆيدە مېھمان ئولتۇرۇر.
قاشلىرى قىيغان قەلەمدەك،
كۆزلىرى ئويناپ تۇرۇر.

ئاسماندا پىل ــ پىل قىلىدۇ
قارا مىلتىقنىڭ ئوقى.

يۈرەكنى جىغ ــ جىغ قىلىدۇ
قارا قاش يارنىڭ ئوتى.

كۆك يالىلىق كۆك بۆرە
ئوزۇق ئىزدەپ يۈرگۈدەك.
قارا قاش بىزنىڭ يارلار
مېنى ئىزدەپ يۈرگۈدەك.

قارا قاشقا ھال ئېيتسام،
يەر ئاستىدىن قارايدۇ.
ئاخشىمى ئاران بارسام،
ئاتا ــ ئانىسى مارايدۇ.

قارا قاشنى كۆردۈم دېسە،
كۆرگەنلەرگە كۆيدۈم مەن.
قارا قاشنىڭ دەردىدە
تىرىك كۆيۈپ ئۆلدۈم مەن.

ئورغاق تۇتقان قوللىرىڭ،
ئاغرىغاندۇر غوللىرىڭ.
جەننەت بولۇپ تۇيۇلار
سېنىڭ ماڭغان يوللىرىڭ.

ئىشىك ئالدى جۇپ كۆلچەك،
جۇپ كۆلچەكتە جۇپ ئۆردەك.
يارىم بولسا سىزدەكلا،
لوقماندەك ئۆمۈر سۈرسەك.

ئالتۇنگۈل، ئۆيۈڭ نەدە؟
تاشلا ئەتە باراي دەيمەن.
چىرايىڭ تولۇن ئايدەك،
تويماستىن قاراي دەيمەن.

تورۇق ئېتىم يورغىسى
قىينىمايدۇ جېنىمنى.
تۆۋەن مەلىدىن يار تۇتتۇم،
تولۇن ئايدەك خېنىمنى.

خاندىن ئايرىلاي دەيمەن،
جاندىن ئايرىلاي دەيمەن.
قىزىلگۈل مېنىڭ يارىم،
قانداقمۇ كېچەلەيمەن؟

قارا قاشىنىڭ دەردىدە
چۆلدە باقتىم تۆگىنى.
پەنجىرىدىن قارايدۇ
مېنى ئاشىق كۆرگىلى.

قارا قاش گۈزەل يارىم
كۆڭلۈم ئۈلپىتى.
مىنگەن ئېتىم، كىيگەن تونۇم
يارنىڭ دۆلىتى.

قاشى قارا، مەڭزى قىزىل،
كىمنىڭ يارى بولدىلا؟

نەچچە ۋاختىن يوق ئىدىلە،
ئەمدى پەيدا بولدىلا.

قارا قاشىم كېلىدۇ
قىزىلگۈل سىياقىدا.
ئۆلۈپ كەتسەم ئارمان يوق
شۇ يارنىڭ پىراقىدا.

باللار ئاتار ئوشۇق،
سەھرادا بىزنىڭ مەشۇق.
خۇماركۆز مېنىڭ يارىم،
بولار ماڭا بال قوشۇق.

قارا قاشنىڭ هويلىسى،
هويلىسىدا ئورىسى.
قارا قاش سەتەڭ يارنىڭ
بىزدەك ئەرلەر دورىسى.

قارا قاش نازلاپ كۈلۈپ،
يۈرەك ـ باغرىم تىلىدۇ.
سۆيۈۋالسام مەن ئۇنى،
يۈرەك ـ باغرىم تىنىدۇ.

دەرد كەلدى ئەلەم بىلەن،
داپ بىلەن، سەنەم بىلەن.
دەرد كەلسە ئۆزۈم تارتاي،
قارا قاش لەۋەن بىلەن.

شۇ ياداڭنىڭ غوللىرىنى
بۇلبۇل ئەگىيدۇ.
ئىچسەم يارنىڭ سۈيىنى،
يۈرەك سەگىيدۇ.

يارىم كەلدى ياداڭدىن،
قولىدا قاپاق.
قاپىقىدا بۇلاق سۈيى،
دەيدۇ، ئىچىپ باق.

ياغلىق ئالسام سىزگە دەپ،
ھاۋا رەڭ چىقىپ قالدى.
خۇش مۇلايىم تۇرقىڭىز
كۆڭلۈمگە يېقىپ قالدى.

غىپ كىرىپ، غىپ ـ غىپ چىقادۇر،
تۇڭلۇكۇڭدىن قارلىغاچ.
نەگە بارساڭ، نەدە تۇرساڭ،
قولتۇقۇڭدا ئاق توقاچ.

مېنىڭ يارىم چىرايلىق
قىزىلگۇلنىڭ غۇنچىسى.
ئايرىلمايمەن ئۇنىڭدىن
سۆيگىنىمنىڭ تۇنجىسى.

قاراغوجا، ئاستانە خەلقى
خۇرجۇن ـ پالاس توقۇيدۇ.

قوي قوزىسىدەك يارىم بار،
قۇرئان كىتاب ئوقۇيدۇ.

چاي دەملىدىم، يار ساڭا،
ئوتتا قويۇپ چەينەكتە.
قارا كۆزۈڭ ئويناىدۇ
قولۇڭدىكى ئەينەكتە.

بۇ بۇلاق تىرەن بۇلاق،
سۈيى تاتلىق چىم بۇلاق.
يېڭىياچە يار تۇتسام،
تولۇن ئايدەك يۇمىلاق.

يارىمنىڭ ئۆيى باشتا،
بارسام سۆيگىلى ئەپلىك.
لەۋلىرى قىزىل ياقۇت،
قايرىپ سۆيسەم بەك تەملىك.

لۈكچۈننىڭ بازارىدا
چاچ پۆپۈكى ئاسقان قىز.
مەن يېتىم بىچارىگە
يۈرىكىنى چاتقان قىز.

ئاقچېچەك تاغنىڭ ئوتى،
ياغاق ئوت باغنىڭ ئوتى.
كۆيمىسە كۆيدۈرىدۇ،
خۇلقى بار يارنىڭ ئوتى.

بىزنىڭ يارلار قارا قاش،
ئەگىم يولدا ئوينايدۇ.
بولۇپ كۈندە ھەر ياڭزا،
شېرىن جاننى قىينايدۇ.

ئاق تېرەك، ئاپئاق تېرەك،
كۆك تېرەكمۇ بەك تېرەك.
سەندىن ئۆزگە قەلەم قاش
ماڭا زادى نە كېرەك؟!

ئايدىڭ بولدى كۈندۈزدەك،
قويلار ياتۇر يۇلتۇزدەك.
بەك چىرايلىق يار تۇتتۇم،
قېشى قارا قۇندۇزدەك.

ئاتنىڭ ئاتلىقى باردۇر،
يارنىڭ يايلىقى باردۇر.
ئاي چولپانىم بېشىدا
پەرەڭ ياغلىقى باردۇر.

ئەجەب ئىسىم قويۇپتۇ،
شۆگىدىكى يارىمغا.
يارنىڭ قىلغان سۆزلىرى
تەگدى يۈرەك تارىمغا.

يان يەرگە ساراي سالدىم،
شامال كەلسە دالدا دەپ.

ئارزۇلاپ سېنى سۆيدۇم،
چوكانلارنىڭ ئالدى دەپ.

ئېگىز ـ ئېگىز تاغ باشىدا
قۇرغۇي ئىزى بار.
بىزنىڭ يارنىڭ كۆڭلىدە
يۈرەك سۆزى بار.

داۋان باشىغا چىقتىم،
ئارغامچا بىلەكىمدە.
كېچە ئۇخلاپ ئويغانسام،
سىز يارىم يۈرەكىمدە.

ئاق باش تۇلكە، كۆك تۇلكە
ساينىڭ تۇلكىسى.
ئاخشام ياتقان تاۋار كۆرپە
يارنىڭ كۆرپىسى.

ئانارگۇلدەك ئېچىلىپ،
ئاشخاناڭدا چاي بولاي.
ئەشمە ـ ئەشمە قوللىرىڭغا
لۆڭگە، ياغلىق مەن بولاي.

ئوتۇن سالساڭ مەشكە سال،
بۇ مەشنىڭ ئوتى دەپلىك.
مېنىڭ يارىم قارا كۆزنىڭ
قۇچاقلىشى بەك ئەپلىك.

ئاق ئالمىنىڭ تېشى ئۇز،
قىزىل ئالمىنىڭ شېخى ئۇز.
يېڭى تۇتقان يارىمىنىڭ
قېشى بىلەن كۆزى ئۇز.

باغقا كىردىم ئالمىغا،
ئالما تۇۋى لاي ئىكەن.
تاللاپ سۆيگەن شۇ يارىم،
ئاسماندىكى ئاي ئىكەن.

بېغىڭ شورا بولۇپتۇ،
ئانار ئۇزۇۋالغۇدەك.
مەڭزىڭ قىزىرىپ قاپتۇ،
چىشلەپ شورىۋالغۇدەك.

داپنى قولۇڭغا ئالما،
ئالساڭ بىكارغا چالما.
بىزنىڭ يارنىڭ چىرايى
باغدىكى قىزىل ئالما.

بىزنىڭ باغدا ئەنبەرگۈل
ئېچىلىپتۇ رەڭمۇرەڭ.
ماڭا كۆيگەن قارا قاش
بۇغداي ئۆڭلۈك، سەۋزە رەڭ.

ئاجايىپمۇ كۆيىمەن
قېشىڭ بىلەن كۆزۈڭگە.

شۇنچە سۆيگۈم كېلىدۇ،
ئالما رەڭلىك يۈزۈڭگە.
گىرە سالغۇم كېلىدۇ،
ئەۋرىشىمدەك بېلىڭگە.

يارنىڭ كۆز ياشلىرىدا
ئۆردەك ئۈزەدۇر.
يۈرىكىمنىڭ قىزىقىدا
تۆمۈر قىزادۇر.

باغدىكى پاكار شاپتۇل
بويلاپ يېگىلى ياخشى.
ئون بەش ياشتا تۇتقان يار
قايرىپ سۆيگىلى ياخشى.

يارىمنىڭ تۇمارىنى
ئالتۇنغا ئالسام ئاز ئەمەس.
يارىمنىڭ ئاچچىقى كەلسە،
بېشى ئاغرىپ سۆزلىمەس.

ئىشىك ئالدى باراڭلىق،
چۆمۈچ ساپتۇ چىرايلىق.
شۇنچە خەق ئاراسىدا،
مېنىڭ يارىم چىرايلىق.

يارىم بولسا ئۆزلىرىدەك،
لەۋلىرى قىزىلگۈلدەك.

يارىم مېنى سارغايتتى،
ئېچىلماي تورزۇغان گۈلدەك.

تاغنىڭ گۈلى سېرىق گۈل،
باغنىڭ گۈلى قىزىلگۈل.
گۈل ئىشقىدا سايرايدۇ،
خۇش ئاۋاز بىلەن بۇلبۇل.

بىر جۈپ كەپتەر ئۇۋىلاپتۇ،
پېشايۋاندا، كۇۋۇكتا.
بىزنىڭ يارنى داڭلاپتۇ،
رادىئودا، زۇۋۇكتا.

بىر گۈلى رەنامۇسىز،
باغدا پېشقان گۈلمۇسىز؟
سىزگە ئىچىم كۆيىدۇ،
قەپەستىكى بۇلبۇلسىز .

شۇ سېنىڭ نە هال ئىشىڭ،
قول سېلىپ يول مېڭىشىڭ.
يولدا ياتقان بوز كېپەكتەك
هەر تەرەپكە قارىشىڭ.

ئۇ باغچىنىڭ، بۇ باغچىنىڭ
كۆچەتكىنەسى.
مېنىڭ يارىم خەلقئالەم
چېچەككىنەسى.

ئالماس بىلەن سوملاپ قويغان
بىلەككىنەسى.
ئالتۇن بىلەن قاپلاپ قويغان
يۈرەككىنەسى.

ئاينى ئايماقتا دەڭلار،
سەرۋەڭنى يايلاقتا دەڭلار.
يەنە سەرۋەك چېچەكىنى
ئايلا خېنىمنىڭ دەڭلار.

چىرايلىقنى يار تۇتۇپ،
يولدا قوي نىشانەڭنى.
يارنىڭ قولغا كەلمىسە،
سىلاپ قوي پېشانەڭنى.

قارا ـ قارا قاشلارى،
سەتەڭ يارىمنىڭ ساچلارى.
ھېچ كىشىگە ئوخشىماس،
بىر قاراپ قويۇشلارى.

ئايغا ئوخشايدۇ يۈزۈڭ،
چولپانغا ئوخشايدۇ كۆزۈڭ.
لەيلى ـ مەجنۇن تالغا ئوخشار،
شۇ سىنىڭ شېرىن سۆزۈڭ.

ئالمىمۇ ئالما پۈرايدۇ،
مىجىگەن قوغۇن پۈرايدۇ.

غېرىبلىقتا سۆيگەن يار
ئىپار ـ زەپەر پۇرايدۇ.

باغدا كاككۇك سايرايدۇ،
جىنەستىنىڭ شېخىدا.
مېنىڭ يارىم ئوينايدۇ،
يايراپ بېھىش بېغىدا.

ئاي قېشىدا بىر يۇلتۇز،
كۆرۈنمەيدۇ باشقىسى.
يارىم يارلار ئىچىدە،
خۇددى ئاتىنىڭ قاشقىسى.

ھاۋانىڭ تۇمانلارى،
ساي يەرنىڭ قولانلارى.
سۇ دېسەم شەربەت بەرگەن،
باغداشنىڭ جوگانلارى.

شۇ خېنىمنىڭ مېڭىشى،
كاتتىلىق ياڭزا بىلەن.
شۇ خېنىمغا ئاشنا بولساڭ،
باقىدۇ ساڭزا بىلەن.

مەن يۇزۇڭنى ئاي دېسەم،
كۆزلىرىڭ يۇلتۇز ئىكەن.
ساچىڭنى سۇمبۇل دېسەم،
قاشلىرىڭ قۇندۇز ئىكەن.

گۇلمۇ گۇل ئاراسىدا،
چىمەنگە باقماس گۇل ئىدىم.
ھەممە گۇل ئاراسىدا،
لەيلىقازاق گۇل ئىدىم.

ئالمىنىڭ سۇزۇكلۇكىدىن
كۆرۈنەمدۇ دانىسى؟
شېخىغا شەبنەم چۈشۈپتۇ،
مەن ئۇنىڭ مەستانىسى.

ئالا ـ سېرىق كۆرۈنەر
ئېدىرلىقنىڭ تۇلكىسى.
جاننى ئېلىپ جان بېرەر
شۇغىنە يار كۇلكىسى.

يۈزۈڭ گويا تولۇن ئاي،
قىزىلگۇل غۇنچىسى دەپ ئىنلاي.
سەن يارىم، مېنى دېسەڭ،
ئۇمىدنى ئۇزمەي ئويناي.

قارىساڭ، قارىمىساڭ،
قارا تونۇڭدىن بەلگىلىك.
سۆزلىسەڭ، سۆزلىمىسەڭ،
شېرىن سۆزۈڭدىن بەلگىلىك.

ئاتلىدىم، ئۆتەلمىدىم،
چامدىدىم، يېتەلمىدىم.

ئارزۇلاپ تۇتقان يارىمنى
مەن تاشلاپ كېتەلمىدىم.

ھاۋادا بۇلبۇل كېلەدۇ،
گۈل شېخىغا قونغىلى.
گۈل شېخى ئەگىپ تۇرادۇ،
بۇلبۇلنى قوندۇرغىلى.

بىزنى يوقلاپ يىغلىغان،
ساھىب دۇئالارنى كۆرۈڭ.
يۈرەكلەرنى كۆيدۈرگەن،
دىلى خۇمارلارنى كۆرۈڭ.

گاھ قېشىنى لىك ئاتقان،
كىرپىكى ئوقلارنى كۆرۈڭ.
كۆزلىرىنى ئويناتقان،
مېھرى بالالارنى كۆرۈڭ.

بويىغا زۇچۇ كىيىپتۇ،
تېشىغا شايى يىپەك.
باشقا گۈل قىستۇرۇپتۇ،
يار ئوتىغا كۆيدى يۈرەك.

كۆرپە جۇۋىنىڭ ئېتىكى
مۇلۇن بولسا خوپ.
ئاشىق كىشىنىڭ ئۆيى
بۇلۇڭدا بولسا خوپ.

ئانىسىدىن يېتىم قالغان
كېيىك ئوغلاقتەك يارىم.
جاھان ـ ئالەمدە بارمىكىن،
سېنىڭدەك تولۇن ئايىم؟ !

يۈرىكىڭ يالقۇن ئىكەن،
يۈزلىرىڭ گۈلخان ئىكەن.
تال چىۋىقتەك بەللىرىڭ
ئايغا جامالىڭ تەڭ ئىكەن.

لېۋى دەرلەر، لېۋى دەرلەر،
لېۋىنى غۇنچىدىن دەرلەر.
ئىشىكتىن كىرگەن يارىمنىڭ
چىشىنى ئۈنچىدىن دەرلەر.

يارنىڭ يۈرىكى ياردىن،
يارىڭ بولمىسا قايدىن.
غۇنچە بويلىرىڭ زىلۋا،
شېرىن سۆزلىرىڭ قەندىن.

يارىمنىڭ شېرىن سۆزى،
ئويناپ تۇرىدۇ كۆزى.
ئايمىكىن، ئاپتاپمىكىن،
يارىمنىڭ قىزىل يۈزى؟ !

لەيلىگۈل غۇنچىسىغا
ئۆگىنىپتۇ تۇمۇچۇق.

بۇ دۇنيادا بارمىكىن،
ئۆزلىرىدەك زېھنى ئوچۇق؟ !

باغدا بىر گۈل بار ئىدى،
ئالتۇن باھالىق گۈل ئىدى.
تۈگمىسى ئاچىلمىغان،
يارىمغا لايىق گۈل ئىدى.

بىزنىڭ يايلاق چىرايلىق،
ئىككى تاغنىڭ ئاراسى.
يېڭىمدىكى خۇمار كۆز
ئوڭ كۆزۈمنىڭ قاراسى.

بېغىمدىكى كۆك ئوسما
قاشلارنى قارا قىلۇر.
قاشلارنى قارا قىلغان،
سىزلەرنى شەيدا قىلۇر.

تال ئىچىدىن تاللىۋالدىم،
تال چوكانىم سېنى.
گۈل ئىچىدىن خىللىۋالدىم،
گۈلى رەيھانىم سېنى.

تاللاپ ـ تاللاپ تاللىۋالدىم
تالدىن چوكاننى.
باغ ئارىلاپ ئۈزۈۋالدىم
سېرىق زەپەرنى.

تاغ تۇۋىدە ئۆيەدۇ،
شىلدىر قىلسا تۇيادۇ.
نازۇككىنە بىلەكنى
تۇتۇپ قويسا سۇنادۇ.

دىل ئىكەننى بىلمىدۇق،
دىلىڭىزا ئىكەننى بىلمىدۇق.
مىسقىلى مىلڭ تەڭگىلىك
گۆھەر ئىكەننى بىلمىدۇق.

باغدىكى مارجان تېرەكتەك،
بويىڭىزنىڭ تۈزلۈكى.
باغدا پىشقان ئاق كىشمىشتەك،
يۈزىڭىزنىڭ سۈزۈكلۈكى.

ئۆزلىرىگە قارىسام،
قىرچىنتالدەك بويلىرى.
ئويناپ تۇرار كۆزلىرى،
بۇلبۇل كەبى سۆزلىرى.

دەريالارغا كەلگەن سۇ
ھەر توقايدۇ توختايدۇ.
كۆڭلۇمدىكى شۇ يارىم
قىزىلگۇلگە ئوخشايدۇ.

دەر ـ بىدەر ئۆلدۇم،
كۆيگەنگە مەن كۆيدۇم.

بەرگىڭ سىنىڭ ئانار،
شاخىڭ سىنىڭ چىنار.

ماش ـ ماش، ماش،
كۆك خالتاڭدا ماش.
سىنىڭ ئاشناڭدىن
مىنىڭ ئاشنام ياش.

سەنمۇ ئانارنىڭ دانىسىدەك،
مەنمۇ ئانارنىڭ دانىسىدەك.
شامال چىقسا پۇرايسەن،
يېڭى باغنىڭ ئالمىسىدەك.

ئوتقا سالساڭ كۈل بولۇرمەن،
سۇغا سالساڭ چوكا مۇز.
بىزنى كۆيدۈرگەن خېنىمنىڭ
قېشى قارا، كۆزى ئۇز.

كېتىپ بارغاچ كۆردۈڭمۇ،
دەريادىكى قۇمچاقنى؟
مەن ئۆمرۈمدە كۆرمىگەن،
سەن يارىمدەك يۇمشاقنى.

ۋاي خېنىم ئايدەككىنە،
كۆندۈرمىگەن تايدەككىنە.
سەن خېنىمنىڭ مەيدىسى
ئۆستەڭدىكى لايدەككىنە.

مەن سېنى يارىم دېسەم،
ئىللىق باھارىم بار ئىكەن.
ئىككى مەڭزىڭ قىپقىزىل،
باغدا ئانارىم بار ئىكەن.

ئۆزىڭىز كۆل باشىدا،
يەلپۈنىدۇ گۈللەرىڭىز.
ئۆزىڭىز ئاندىن گۈزەل،
كۆيدۈرەر خۇيلارىڭىز.

چولپان يۇلتۇز كېچىدە
يۇلتۇزلارنىڭ يورۇقى.
تاللاپ سۆيگەن يارىم بار،
قىزىلگۈلدەك پۇرىقى.

قاشىڭنىڭ قاراسىنى
قارا خەتكە ئوخشىتاي.
سەن يانىمدا بولمىساڭ،
سېنى كىمگە ئوخشىتاي؟

قارا سايىنىڭ تاشلىرى،
سەن يارىمنىڭ قاشلىرى.
ھېچ كىشىگە ئوخشىماس،
ئېگىلىپ قاراشلارى.

مارجان دوپپا باشىڭدا،
قىياقتەك ئوسما قاشىڭدا.

جىنىم تەنگە پاتمايدۇ،
بىللە تۇرساڭ قاشىمدا.

يارىم ئوتاق ئوتاپتۇ،
كۆل بېشى قوناقلىقتا.
ئاي يۈزىنى توساپتۇ
ئانارگۈللۈك ياغلىقتا.

مېنىڭ يارىم چىرماقچى،
چېلىشقىلى بارماقچى.
دەس كۆتۈرۈپ سالماقچى،
يىراق تۇرسۇن پايلاقچى.

چىلگە قوغۇن يۇمىلاق،
ئاقچى قوغۇن ئۇزۇنچاق.
قارا كۆزلۈك يارىم بار،
زىبا بويلۇق، سوزۇنچاق.

باغىنىڭ ئىچى ئوتياشلىق،
ئەتراپىدا قوشام يوق.
خۇماركۆزلۈك يارىم يار،
باشقىسىغا خۇشام يوق.

خوتەن دەيدۇ ئىلچىنى،
گىلەم دەيدۇ زىلچىنى.
خۇدا بىزگە بۇيرۇپتۇ،
سىزدەك قىزىل غۇنچىنى.

زىلچى خۇرجۇن كىمنىڭكى،
سۇمبۇل چاچلىق قىزنىڭكى.
خۇدا قوشقان جۈپتىمەن
غۇنچە بويلۇق ئۇزنىڭكى.



# سىغىنىش ئىنتىزارلىق قوشاقلىرى

ئالدى چاقى ھارۋامنىڭ
چۇشۇپ كەتتى تارچۇققا.
يارىم بار قىزىلگۇلدەك،
مەيلىم يوق ياسانچۇققا.

يارىم كەتتى ئېلەككە
سۇ ئۇسقىلى چېلەككە.
مەن كۆڭلۈمنى بەرمەيمەن،
قارا كۆزدىن بۆلەككە.

بىزنىڭ يارلار ئاتقۇچى،
يۇڭنى زەيدە ساۋايدۇ.
مەنمەن دېگەن نوچىغا
يالغۇز ئۆزى تاۋايدۇ.

ھاۋادىكى بوز تورغاي
تۇمۇچۇقنى سايراتتى.
يار ئوتى يامان ئىكەن،
يولغا نەچچە قاراتتى.

ئاتىم سۇنى ئىچمەيدۇ،
لازا بارمىكىن كۆلدە؟
يارىم ئۆيدىن چىقمايدۇ،
ئېرى بارمىكىن ئۆيدە؟

قولۇڭدىكى ئالماڭنى
كىمگە بېرىسەن ئاقلاپ؟
قاچانغىچە كەلمەيسەن،
ئولتۇرامدىمەن ساقلاپ؟

ئاق ياغاچتا ئايۋانىڭ،
قارا ياغاچتا سارايىڭ.
نېمانچىلا كەلمەيسەن،
ئۆتۈپ كەتتى قارايىڭ.

مەن سېنى پاناھ تارتىپ،
ئايۋانىڭدا ياتايمۇ؟
ئون بەش كۇنلۇك ئالەمدە
سېنىڭ دەردىڭنى تارتايمۇ؟

ئايۋانىڭدا مەن ياتىپ،
سارايىڭنى بىلمەيمەن.
قاچان كېلىسەن، يارىم،
قارايىڭنى بىلمەيمەن.

باردىم دەريا كەچكىلى،
ئولتۇردىم سۇ ئىچكىلى.

مەن سېنى سېغىنغاندا،
قاناتىم يوقكەن ئۇچقىلى.

تۇمۇچۇقۇم سايرايدۇ،
نىگارىم ئوينىغان باغدا.
ئەزىز جانىم كۆيەدۇ،
سېنى ياد ئەيلىگەن چاغدا.

ئۆستەڭ ياقىلاپ بېرىپ،
كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ كەتتىم.
سەن چۈشۈمگە كىرگەندە،
چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم.

ئاسماندىن ئالاي ئاينى،
قوينۇمغا سالاي يارنى.
يار يادىمغا يەتكەندە،
ئىچمەي قويىمەن چاينى.

بۈگۈن ئايغا ئون بەش بولدى،
قۇياش پېتىپ كەچ بولدى.
يارىم كېتىپ يىراقلارغا،
كۆرۈشمەككە تەس بولدى.

ئالما ئاتتىم دەرياغا،
لەيلىۋېلىپ چۆكمەيدۇ.
بىزنىڭ يارنىڭ ئوتلارى
لاۋۇلدايدۇ، ئۆچمەيدۇ.

قىبلىدىن شامال كەلسە،
مەن يارىمنى سورايمەن.
كەلمەي قالدى، يوق دېسە،
تاڭ ئاتقۇچە يىغلايمەن.

گۈللۈك ئەتتىم گۈلباغقا،
ئۈستىگە گۈللەر تېرىپ.
سەن يارىمدىن ئايرىلغاچ،
ھەر كۈنى كۆڭلۈم غېرىب.

ئۈزۈلمەي ئاقسا سۇلار،
كۆلگە سۇ پاتماي قالار.
سەن ئۈچۈن ئاققان يېشىمدا
قۇرۇغان دەريا تولار.

ئىشىك ئالدى ئېرىقچە،
پىلتىڭلايدۇ بېلىقچە.
سەن يارىمنى سېغىنىپ،
جېنىم قالدى تېرىقچە.

ئۆزۈمنى ئاتاي كۆلگە،
باش ئېلىپ كېتەي چۆلگە.
يار ئوتى يامان ئىكەن،
باغرىمنى ياقاي ھۆلگە.

بۈگۈن ئايغا ئون يەتتە،
ئايدىڭ بولماي تاڭ ئاتتى.

يار ئوتى يامان ئىكەن،
مېنى ئەجەب يىغلاتتى.

ئاخشىمى قاراڭغۇدا،
خويمۇ كۆيىدۇ چىراغ.
ناخشا ئېيتسام ئۇنۇم يەتمەس،
يارنىڭ ئۆيى بەك يىراق.

ئاي يۇزۇڭنىڭ شولىسى،
چۈشتى سېپىلگە سايىسى.
خويمىغىنە يىراق ئىكەن،
ئىككىمىزنىڭ ئارىسى.

تال ئۇچى تالغا يېتەمدۇ،
تال ئۇچى تالدىن يىراق.
كۆڭلىمىز سىزگە چۈشۈپتۇ،
ئۆيىمىز ئاندىن يىراق.

تال ئۇچى تاللارغا يەتسە،
تال بۇدۇشقاقتىن يىراق.
بولسىمۇ ئۆيلەر يىراق،
ئۆچمىگەي ئەسلا پىراق.

بىر چېكىم تاماكا سالدىم،
كۆز يېشىم بىلەن نەملەپ.
ئوتتۇرىسىغا چوغ سالدىم،
ئىككى قولۇم بىلەن پەملەپ.

ئالسىلا، پات ئالسىلا،
خوش ئېتىپ ئالدىن بىلەك.
كەلسىلە، پات كەلسىلە،
چىدىماي قالدى يۈرەك.

كۆندە ـ كۆندە كەلسىلە،
بار چېلىم تاماكىمىز.
چەكسىلە تاتلىق تۈتۈن،
چەكمىسىلە قويسىلا پۈتۈن.

تاماكىنى چەكسىلە،
ناۋات قوشۇپ چەكسىلە.
يۈرەك قانداق چىدايدۇ،
بىزنى تاشلاپ كەتسىلە؟ !

ئۆگزەمگە قوناق يايدىم،
ئويناپ كېلىپ چاچمىسىلا.
بىز ئىككىمىز ئوينايلى،
ئەمدى بىزدىن چانمىسىلا.

ئاران تىزغان مارجاننى
ئويناپ كېلىپ چاچمىسىلا.
ھەر ئىش قىلساق تەڭ قىلدۇق،
بىزدىن ئۆنچە قاچمىسىلا.

تاڭ سەھەردە باغىڭدا،
بۇلبۇل بولۇپ سايرايمەن.

سىنىڭ كەلگەن يولۇڭغا
كۆندە نەچچە قارايمەن.

ئۆتەر يولۇڭدا مەن تۇردۇم،
بۇلبۇلۇڭ بولۇپ سايراپ.
قارا كۆزۈم تىلىپ كەتتى،
سىنىڭ يولۇڭغا قاراپ.

قىزىلگۈل تۈۋىدە سىنچاي،
ئىچىپ خۇمار بولدۇم مەن.
قەلەندەر ئەگلىنى كىيمەي،
سارالىڭ دىۋانە بولدۇم مەن.

گۈل ئۈزەي دەپ كەلگەنتىم،
بىر گۈلۈڭنى ئۈزمىدىم.
ئەقلى بولسا كىلەر دەپ،
مەن ئۈمىدنى ئۈزمىدىم.

ئاتچان يولى ئۈزۈن ساي،
ماڭسام پۇتۇم ئاغرىيدۇ.
تاشلىۋەتكەن يارىمغا
ئەمدى ئىچىم ئاغرىيدۇ.

گۈل ئىچىلغان گۈل باغدا،
نادانكەنمىز ئۇ چاغدا.
چۈشەنمەي يار قەدرىنى
بىز قالدۇق بوگۈن داغدا.

ئەتىياز بولدى يەنە،
ئېچىلدى باغنىڭ گۈللىرى.
مەن بېرىپ شاخقا قونسام،
سايرىشۇر بۇلبۇللىرى.

بۇلبۇللار قونار
تاغلار باشىغا.
تۇتقان يارى گاڭگۇك بولسا،
كېلەر قاشىغا.

ئىشىك ئالدىڭ قۇم بولسا،
سەگۇ تېرەك ئۈسمەمدۇ.
كۆڭلۈڭدىكى يار بولسا،
تاۋىڭ شۇنچە ئۈسمەمدۇ.

قاغىلىقنىڭ بازارى،
ئالما بىلەن ئانارى.
ئاخشام ئىچكەن سىنچاينىڭ
ئەمدى تۇتتى خۇمارى.

تاڭ سەھەردە تاللىغان
دەستە گۈلۈم قولۇمدا.
كەلدىم ئىيتقان جايىڭغا،
ئىككى كۆزۈم يولۇڭدا.

قولۇڭدىكى ياغلىقا
قىزىلگۈلنى ئۈزۈپ كەل.

ناخشام بىلەن چالغىلى
دۇتارىڭنى تۈزۈپ كەل.

دۇتارىمنىڭ خەرىكى
يارىپىلىمدا يەملەكلىك.
يارنىڭ ئۆيىگە بارسام،
ناۋات چىيى دەملەكلىك.

يارىم چىقتى كۆل بېشىغا،
ئاق ياغلىق چىگىپ بېشىغا.
چۆگۈنگە سۇ ئۇسىماي،
تولدۇرۇپتۇ كۆز يېشىغا.

بىزنىڭ ئۆيىنى سورىسىڭىز،
موغاللا دېگەن يەردە.
ھەر ئاخشام باراي دېسەم،
ئۆيىڭىز يامان يەردە.

گۈل تېرىدىم باغلارغا،
يارىم كېلىپ كۆرسۇن دەپ.
گۈللىرىم ئېچىلغاندا
يارىم ئۆزى ئۈزسۇن دەپ.

سەھەر چىققان قۇياشتىن،
يارىم سېنى سورايمەن.
يار ئۆزى كېلەرمۇ دەپ
يوللىرىڭغا قارايمەن.

ئالمىلار پىشىپ قاپتۇ،
تۇۋىگە چۈشۈپ قاپتۇ.
قارا كۆز مېنىڭ يارىم
چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ.

تونۇرغا ئوتۇن سالسام،
ئىس چىقىدۇ، كۆيمەيدۇ.
مېنىڭ يارىم قارا كۆز
سېغىنماپتۇ، كەلمەيدۇ.

باغ ئىچىگە ئۆي سالدىم،
شىپاڭلىرى كارامەت.
يىراقتىكى شۇ يارىم،
خۇدايىمغا ئامانەت.

ئاش يايىمەن تاختىدا،
يوتقان ئەتتىم پاختىدا.
يار، يولۇڭغا قارايمەن،
كېلىپ كەتكىن ۋاقتىدا.

تالى مەجنۇنتال ئېگىلدى،
يار ئېگىلمەيدۇ ماڭا.
يا كېلىپ جېنىمنى ئالسۇن،
يا كۆڭۈل بەرسۇن ماڭا.

تال ـ تال ئۆسكەن تېرىكىم،
توپ ـ توپ ئۆسكەن تېرىكىم.

ئايۋاندىكى يارىمنى
كۆرۈش ئىدى تىلىكىم.

قۇشقاچلار ۋىچىرلايدۇ،
قورغۇي كەلگەن ئوخشايدۇ.
يۈرەكلەر جىغىلدايدۇ،
يارىم كەلگەن ئوخشايدۇ.

ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرگەن
بىر يالغۇز قارا قاغا.
بارساڭلار سالام دەڭلار،
بىزنى سورىغان يارغا.

چوڭ بۇغرا، كىچىك بۇغرا،
يارنىڭ مىنگىنى يورغا.
يارنى كەلگۈدەك دەيدۇ،
چىقىپ تۇرارمىز يولغا.

بارغىلى باردۇر خىيالىم،
يانغىلى يوق تاقىتىم.
يار مېنى سېغىنغاندا،
ئۇچقىلى يوق قانىتىم.

كەلمىدى، يار كەلمىدى،
نە بولدى، يارىم كەلمىدى.
ئېتىنىڭ ئاياغى سۇندى،
باھانە بولدى كەلمىدى.

ئېتىنىڭ ئاياغى سۇنسا،
ئات ئېلىپ مىنمەسمىدى.
يارنىڭ كۆڭلىدە بولسا،
بىر كېلىپ كۆرمەسمىدى.

يارىمنى كەپتۇ دېسە،
يۈگۈرۈپ چىقاي باشىم بىلەن.
يارىم ماڭغان كوچىلارغا
سۇ سېپەي ياشىم بىلەن.

بېغىڭغا كىرىپ باقسام،
ئۆرۈكۈڭ ئەجەب تاتلىق.
چۈشۈمگە كىرىپ قاپسەن،
قارا كۆز، تىلى تاتلىق.

قاش ئاتارىم كېلىدۇ،
كىرپىك ئاتارىم كېلىدۇ.
بېلىگە ئالما تۈگۈپ،
يالغانچى يارىم كېلىدۇ.

زەيتۇنە تونىنى كىيىپ،
خەستە كۆڭۈلگە ئوت سېلىپ.
نە ئېچىلغان غۇنچىدەك،
يۈزى ئانارىم كېلىدۇ.

چۈغلۇق گۈللىرى تاغدا،
ئېچىلىپتۇ ھەر ياندا.

بەشىنچى باھار ئايدا،
مەن يارىم بىلەن باغدا.

ھەر كىشىنىڭ يارى بولسا،
كەلسە قېشىغا.
گۈل قىلىپ قىسىۋالسا،
ئەزىز بېشىغا.

خويمۇ ماڭدىم بۇ يولدا،
لاچىن سوققان توشقاندەك.
كەچ كىرسە تاڭ ئاتمايدۇ،
مەن بىلەن قېرىشقاندەك.

ئەجەبمۇ كەلمىدىڭ، يارىم،
يولۇڭغا بارغۇدەك بولدۇم.
قولۇمغا قوش پىچاق ئېلىپ،
يۈرەكنى يارغۇدەك بولدۇم.

ئىشىكىڭدىن ئۆتتۈممەن،
ئۆتكىنىمنى تۇيدۇڭمۇ؟
توخۇ ئىككى چىللىدى
بىر چىقمايسەن، ئۆلدۇڭمۇ؟

سەن قاچان كەلدىڭ ئىشىككە،
مەن بىلىپ ئاھ ئۇرمىدىم.
چىققۇچە چارە تاپالماي،
ئولتۇرۇپ قان يىغلىدىم.

تاغلاردا تولا كەكلىك،
مەن يارىم بىلەن گەپلىك.
خالىيدا تېپىشقاندا،
ئويناپ ـ كۈلگىلى ئەپلىك.

قۇرغۇيۇم ئۇچۇپ كەتتى،
قوغان يولىغا قاراپ.
كۆزۈمنىڭ گۆھىرى ئاقتى،
يارنىڭ يولىغا قاراپ.

مەن ئەمدى قانداق قىلاي،
غەمدە قالغان بېشىمنى؟
كەتكىلى ئۇزاق بولدى،
سېغىندىم ئاداشىمنى.

بۇ كېچە ئاڭ ئاتمايدۇ،
يار قېشىمدا ياتمايدۇ.
يار قېشىمدا ياتقاندا،
جان ئىچىمگە پاتمايدۇ.

بىزنىڭ باغدىكى سۇلار
مۇز توڭلاپتۇ ئەينەكتەك.
قاچانغىچە يۈرەرمىز،
كاككۇك بىلەن زەينەپتەك؟ !

سېرىق سەبدىگە ئوخشاش
سارغايدى چىرايلارىم.

مۇڭداشقىلى مەن بارسام،
قوغلايدۇ مالايلارىڭ.

خەت قىلىپ نامە ئەۋەتتىم،
مېھرىبان يارىم ساڭا.
خالىيدا ئۆزۈڭ ئوقۇ،
مەلۇم بولۇر ھالىم ساڭا.

كېچە ـ كۈندۈز يىغلىماقتىن
ئۆزگە ئىش يوقتۇر ماڭا.
بۇ مېنىڭ كۆز ياشلىرىمنى
كىم بېرىپ ئېيتۇر ساڭا؟ !

جان ئۈكام، جېنىم ئۈكام،
بىر كۆرەر كۈن بولارمۇ؟
قوينىڭىزغا قول سېلىپ،
بىر سۆيەر كۈن بولارمۇ؟

ئوسما قويغان پەلكۈچۈڭ
ياتۇر تامدا سانجىلىپ.
ھەر كۆرگەندە ئاھ ئۇرۇپ،
كەتتىم تولا يانجىلىپ.

بېغىڭغا كىرەي دەيمەن،
تىكەن بار كىرەلمەيمەن.
بۇ ئالەمنى خوپ دەيسەن،
سېنىڭسىز يۈرەلمەيمەن.

سەن سېغىندىڭمۇ مېنى،
خويما سېغىندىم مەن سېنى.
سەن قەيەرنىڭدە سېغىندىڭ،
مەن يۈرەكىمدە سېنى.

كۆككىنە كەپتەرمىدىم،
كۈندە ـ كۈندە كەلگىلى؟
ئايدا ـ يىلدا بىر كېلۈرمەن،
ئاي يۈزۈڭدىن سۆيگىلى.

بېرىشىڭنى باغدا كۆردۈم،
يېنىشىڭنى كوچىدا.
كوچىدا باسقان ئىزىڭ
بولدى كۆزۈمگە تۇتىيا.

بالىلار ئوينىۋاتامدۇ،
بىز ئوينىساق قاتامدۇ؟
ئالتۇن قارا كۆز يارىم
مېنى ئويلاپ ياتامدۇ؟

قىز بالا دېگەن نەرسە
قىزىل ئەتلىنى كىيسە.
قارا قېشىغا قاراپ،
قىزىل مەڭزىگە سۆيسە.

نەخۇش كۈندۈر، بۇرادەرلەر،
كىشى جانانىغا يەتسە.

چېكىپ جەبرۇجاپالارنى،
كۆزى مەستانىگە يەتسە.

مەن يارىمنى تاپارمەن،
تاپسام ئېلىپ كېتەرمەن.
مەن يارىمنى تاپقاندا،
مۇرادىمغا يېتەرمەن.

تېرەكسىز هويلىغا كىرسەم،
بېشىمدىن ئاپتاپ ئۆتتى.
بويۇڭدىن ئۆرگۈلەي، يارىم،
سېنىڭ قەدرىڭ ماڭا ئۆتتى.

يار مەندىن يامانلاپتۇ،
ئېيتقان سۆزلىرى ماقۇل.
بېرىپ ئېيتساڭ يارىمغا،
مەن يارىمغا ناماقۇل.

ئېگىز ئۆستەڭ بويىدا،
يار بىلەن ياتتىم يالىڭاچ.
قار بىلەن يامغۇر يېغىپتۇ،
كەل، يارىم، كۆڭلۇڭنى ئاچ.

ئاھ يارىم، تاڭلا كېلىڭ،
تاڭلا تاڭ ئاتسا كېلىڭ.
ئۆزۈم ئايۋاندا ياتارمەن،
ئالمىلىق باغقا كېلىڭ.

قوغۇن تېرىدىم تۇزگە،
تېگى يازى، تېگى كۈزگە.
سېنى ئارزۇلاپ تۇرسام،
چىقمايسەن تالا ـ تۇزگە.

قاپىقىم تارتىدۇ مېنىڭ،
قەشقەردىن يارىم كېلۇر.
ئۆزى كەلمىسە يارىم،
خۇش خەۋەر سۆزى كېلۇر.

يار ئىشىكىدە تۇرسا،
چىن مودەن ئېچىلغاندەك.
يار بىلەن ياتارمەنمۇ،
سۇغا سۇ قوشۇلغاندەك؟!

مېنى يارىم چىللايدۇ،
بارسام ئۆيىگە، تىللايدۇ.
باغنىڭ ئىچىگە كىرىپ،
ماڭا بېقىپ يىغلايدۇ.

ئۇ قاتقا ئۆتەرمەن دەپ،
بۇ قاتتا قونۇپ قالدىم.
ئۈچ كۈندە بارارمەن دەپ،
يالغانچى بولۇپ قالدىم.

يانچۇقۇمدا ئارغامچا،
ئۆزۈم قاتتىق ئالۋانچى.

قولۇمدا پۇلۇم يوقتۇر،
مەن يارىمغا يالغانچى.

ئىشىكىڭدە ئانارگۇل،
ئات باغلاپتۇ ھەمراگۇل.
يار مەندىن يامانلاپتۇ،
مەن يارىمغا ناماقۇل.

سۇ بولسا سۇزۇك بولسا،
ئېرىقتا ئېقىن بولسا.
ئاشىق بىلەن مەشۇقلار
يان قوشنا يېقىن بولسا.

كۈندە كۆرمىدىم يارنى،
كۈندە بىر كۆرەرمەن دەپ.
ئۈمىد ئۈزمىدىم ياردىن،
ئۆلمىسەم سۆيەرمەن دەپ.

قېشىڭنىڭ قارىسىنى
قارا خەتكە ئوخشىتاي.
ئەتە ـ ئاخشام كۆرمىسەم،
بويۇڭنى كىمگە ئوخشىتاي؟

ئات بولسا يورغا بولسا،
توقۇلسا، مىنسە كىشى.
يارى بولسا ياندا بولسا،
ئوينىسا، كۈلسە كىشى.

سەن مېنى دوستۇم دېسەڭ،
ئۇلتۇر قېشىمدا بىر زامان.
بىر زامان ئۇلتۇرمىساڭ،
پۇشمان قىلۇرسەن ھەر زامان.

باغقا بوستان سالىمەن،
سايراپ ئۆتسەڭچۇ، يارىم.
گۈل ھاراقى تۇتىمەن،
مەست بولۇپ ئۆتسەڭچۇ، يارىم.

بۈگۈن ئالتە كۈن بولدى،
مەن يارىمغا خۇمارى.
قول سېلىپ چىقىپ كەلسە،
كۆكرىكىدە تۇمارى.

مەن بارايمىكىن ئاندا،
يار كېلەرمىكىن مۇندا؟
يارغا يار كېرەك بولسا،
قول سېلىپ كېلەر مۇندا.

كاككۇك ئاشىقى زەينەپ،
بىرى باغدا، بىرى تاغدا.
بۇلبۇل سايرىغان چاغدا،
مەن يارىم بىلەن باغدا.

ئالتۇن بىلەن رەنانى
يارىمغا تۇتاي دەيمەن.

مەي بولسا خېرىدارى،
بىر قەترە يۇتاي دەيمەن.

*      *

مەن ئەمدى نېچۇك قىلاي،
غەمگە قالغان بېشىمنى؟
كۆرگىلى ئۇزاق بولدى،
سېغىنىدىم ئاداشىمنى.

سېغىنغان بىلەن يارنى،
مىنگىلى تېپىلماس ئات.
ئات بولسا كۆرەر ئىدىم،
بېرىپ قارا قاشىمنى.

ئالارمەن دېسەم بىر ئات،
ئاتىنىڭ بىر خۇيىدۇر يات.
يارغا يەتكۈزەرمۇ پات،
كۆرسەم باغرى تاشىمنى.

خۇش، ياخشى ئىلى شەھىرى،
يارنىڭ بارمىدۇر مېھرى؟
مەن ئەمدى بىلەلمەسمەن
يارىمغا باراشىمنى.

يار ئارقىسىدىن باردىم
قورغاسنىڭ مازارىغا.

يارىمدىن، بىلەلمەيمەن
بىر خەۋەر ئېلىشىمنى.

خۇمرىدەك قىلىپ گۇ ـ گۇ،
شەيختەك قىلىپ ھۇ ـ ھۇ،
يىغلاپ يۈرۈپ ھەربىر سۇ،
تۆكتۇم كۆزدىن ياشىمنى.

دۈشمەنلەر جاپا قىلدى،
دىلبەردىن جۇدا قىلدى،
نازىم تولا ئاھ قىلدى،
كۆرەلمەي ئاداشىمنى.

*　　　*

يار ئىشىكىدە تۇرۇپ،
بىر جىلۋە قىلارسەنمۇ؟
بىر كۆرۈپ كېلەي دېسەم،
خالىيدا بولارسەنمۇ؟

ئۆگزەڭدىكى قومۇشنى
مەن دەسسەپ ئۆتەرمەنمۇ؟
كۆڭلۈمدىكى يار بىلەن
بىر كېچە ياتارمەنمۇ؟

يالغۇز يۈرۈپ ساڭا ھەر كۈن،
ياد ئېتىپ سېنى ھەر كۈن،

باغرىمنى قىلىسەن خۇن،
ۋەسلىڭگە يېتەرمەنمۇ؟

بارسام ئىشىكىڭگە يىغلاپ،
ئاچچىقىڭ كېلىپ قوغلاپ،
بىر قىسمەت كېلىپ خورلۇق،
دۇنيادىن ئۆتەرمەنمۇ؟

يارىم ماڭا باقمايدۇ،
سىنەسىنى ياقمايدۇ.
مۇنداق بىۋاپا يارغا
بىهۇدە كۆيەرمەنمۇ؟

باقماي ماڭا دەرد قىلدىڭ،
چىرايىمنى رەت قىلدىڭ،
دەردىمگە داۋا تاپماي،
ئاخىرى ئۆلەرمەنمۇ؟

بىزلەرنى خاپا قىلدىڭ،
جېنىمغا جاپا قىلدىڭ،
سەندەك بىۋاپا يارغا
ئاۋارە بولارمەنمۇ؟

*　　*

ئەجەبمۇ ياراشىپتۇ،
يار ئۆيۈڭگە جۈپساندۇق.

ئالته ئاي بولدى كەلمىدىڭ،
نېمە بولدىكىن، دەپ قالدۇق.

باغ ئىچىنى ئارىلاپ،
ساڭا تىزدىم گۈلدەستە.
مېنى ئۇتقا سېپ قويۇپ،
سەن يۈرەمسەن بىخەستە؟

بېغىڭدىكى ئالماڭنى
سۇ قۇيماي قۇرۇتتۇڭمۇ؟
كېتىۋېلىپ يەكەندىن،
سەن مېنى ئۇنۇتتۇڭمۇ؟

كۆڭنى تۇنگە ئۇلايمەن،
چاق تۆۋىدە ئۇخلىماي.
يارىم مېنى رەنجىتتى،
ئايدا ـ يىلدا يوقلىماي.

كېتىپ بارغان توشقاننىڭ
چاتقاللىق ئىكەن جايى.
پات ـ پات كەلسىلە، يارىم،
مەنمۇ بارىمەن گاھى.

ئېگىز قارىغاي تاغدا،
سۇلار ئاقىدۇ سايدا.
بىز بۇندا غېرىبلىقتا،
سۆيگەن يارىمىز قايدا؟

چۈش مەزگىلى باغقا كەل،
مەي باغلىغان ئۈزۈم بار.
ئۈزۈملۈكتە، قارا كۆز،
ساڭا ئېيتار سۆزۈم بار.

ئالما تىزدىم تەخسىگە،
ساناپ بېقىڭ جۈپمۇ، تاق؟
دەردىڭىزدە يۈرىمەن،
بىر كۈن كېسەل، بىر كۈن ساق.

قاشلىرىڭنى ئوينىتىپ،
يارىم، مېنى كۈلدۈرمە.
ئايدا ـ يىلدا بىر كېلىپ،
پىراقىڭدا كۆيدۈرمە.

كېۋەزلىكنىڭ قېشىنى
بېسىۋالدى يۆگىمەچ.
كۆڭلۈم بىئارام بولدى،
سەن يارىمنى كۆرمىگەچ.

كۆلچىكىڭدىن سۇ ئىچىپ،
بېغىڭدا ئانار بولسام.
ھىجران ئوتىدا كۆيسەم،
دەردىمگە داۋا بولساڭ.

كەپتەرلەر ئۇچۇپ بېرىپ،
دانلايدۇ تېرىقلىقتا.

قايتىپ كەلسىلە تېزرەك،
مەن قالدىم غېرىبلىقتا.

ئاق كەپتەر ئۇچۇپ كېلىپ،
قوندى تېرەكنىڭ باشىغا.
ياقا يۇرتتا خار بولدۇم،
كېتەي يارنىڭ قاشىغا.

بۈگۈن ئاخشام ئايدىڭدا،
سۇ تۇتقىلى باراي مەن.
كۆرگۈم كەلسە يارىمنى،
ئاي، چولپانغا قارايمەن.

ئەجەبمۇ ياراشىپتۇ
قاشقا ئاتنىڭ تۇمارى.
غىزا ئۆتمەس گېلىمدىن،
تۇتسا يارنىڭ خۇمارى.

سازلىقتىكى ئۆردەكنى
ئوقيادا ئېتىۋاپلا.
ئاخشام چەكسەم ئىشىكنى،
گەپ قىلماي يېتىۋاپلا.

قوغۇنلۇقنىڭ تاختىسىغا
تېرىپ قويدۇم سەۋزىنى.
يۈرىكىمدە ساقلايمەن،
سىز يارىمنىڭ لەۋزىنى.

تاشيول بىلەن ماڭغاندا،
تاپىنىمغا تاش پاتتى.
سەن يارىمنى خىيال قىپ،
ئۆيقۇم كەلمەي تاڭ ئاتتى.

ئاخۇنلۇققا بارغۇچە،
بايئاۋاتتا قوندۇق بىز.
يۈرىكىمنى كۆيدۈرگەن
بوستان چاچلىق قارا كۆز.

ئەشمە دېگەن گۈزەل يۇرت،
تۇتاش كەتكەن ساپ باغلار.
يادىڭىزدا بارمىدۇر
بىللە ئوينىغان چاغلار؟

ئاي بولۇڭغا چىققاندا،
مىلتىقىمنى ئوقلايمەن.
شۇ چىرايلىق يارىمنى
كۈندە بېرىپ يوقلايمەن.

سېغىنىپ تۇرالمايمەن،
جانجىگەر نىگارىمنى.
ئاغرىمدۇر ئىچىڭ، يارىم،
كۆرگەندە چىرايىمنى.

بۇلۇت ئەگىپ كەتمەيدۇ
تاغ باشىدىكى قاردىن.

ئۆلسەممۇ ئۇنۇتمايمەن،
كۆڭلۈم خۇش مېنىڭ ياردىن.

كاككۇكلار كېلىپ قوندى
ياشارغان تېرەكلەرگە.
يارنىڭ ئېتىنى ئاڭلاپ
ئوت كەتتى يۈرەكلەرگە.

ئالما ئاتتىم تېرەككە،
يېنىپ چۈشتى بۆلەككە.
بېرىپ ئېيتمىڭ يارىمغا،
مەلھەم بولسۇن يۈرەككە.

بۇلبۇل قونمىغان تېرەك،
سويما سالمىغان پىلەك.
ئون تۆت ياشتا يار تۇتۇپ،
يارغا قانمىغان يۈرەك.

هاۋادىكى لاچىنلار،
يارىمغا سالام دەڭلار.
مېنى سورىسا يارىم،
يۈرۈپتۇ ئامان، دەڭلار.

يار يالغۇز ياتارمىكىن،
مەن بارسام قارامدىكىن؟
خويمۇ تولا سېغىندىم،
كۆڭلۈمنى ئالامدىكىن؟

ئالتۇن قەپەسىم بولسا،
بۇلبۇلنى باقاي دەيمەن.
كۆڭلۈمدىكى يارىمنى
يۈرەككە ياقاي دەيمەن.

قەشقەر يولى قورايلىق،
ئەنجان يولى بىر ئايلىق.
يۈرەر ئىكەن قەيەردە
مېنىڭ يارىم چىرايلىق؟!

ئەجەب ئايدىڭ بولۇپتۇ،
يارىم كەلسە كۆرگۈدەك.
بويىنىغا گىرە سېلىپ،
لەۋلىرىگە سۆيگۈدەك.

يارىم نەدە ياتقاندۇر؟
بېلىگە چالما پاتقاندۇر.
مەن يادىغا يەتكەندە،
ئۇخلىماي تاڭ ئاتقاندۇر.

بېغىڭغا كىرىپ باقسام،
شاپتۇلۇڭ ئەجەب تاتلىق.
چۇشۇمگە كىرىپ قاپسەن،
قارا كۆز، تىلى تاتلىق.

ئىشىك كەينىدە تۇرۇپ،
يوچۇقىدىن قارايدۇ.

قولۇم ـ قوشنىسى دۈشمەن،
كۆندە كېلىپ مارايدۇ.

ئالما ئاتقۇم كېلىدۇ،
بېھى ئاتقۇم كېلىدۇ.
كۆڭلۈمدىكى يار بىلەن
بىللە ياتقۇم كېلىدۇ.

ئاتۇشىڭغا بارغۇنچە،
چەكمەنىڭدە سايە ئەتتىم.
سايىسىدە ئۆزۈم ياتىپ،
سەن يارىمنى ياد ئەتتىم.

تۇمۇچۇقۇم سايرايدۇ،
يارىم ئوينىغان باغدا.
جانۇ جانىم كۆيەدۇر،
سېنى ياد ئەيلىگەن چاغدا.

سايرىمايدۇ ئەجەبمۇ
باغلار ئارا سېغىنزخان.
سەن ئۇ يەردە ياد قىلساڭ،
مەن بۇ يەردە سېغىنغان.

ئاسماندىكى بۇلۇتلار
ياغامدىكىن قار بولۇپ؟
ئەجەب سېغىندىم يارنى،
بىر كۆرۈشكە زار بولۇپ.

يارنىڭ ئۆيى يىراقتا،
كۆيدۇم ئوتى ـ پىراقتا.
سۇرىتىگە قارايمەن
كۈندۈزى ھەم چىراغتا.

سۇ كېلەر قاش ئۈستىدە،
دومىلاي تاش ئۈستىدە.
يار مېنىڭ يادىمغا چۈشسە،
يىغلايمەن ئاش ئۈستىدە.

چىنىدە شاراب بولسا،
تەخسىدە كاۋاپ بولسا.
مەن تولا ئۆكۈنمەيتتىم،
يارىمدىن جاۋاب بولسا.

يار كەتتى ئارا ئايدا،
كەلمەيدۇ قارايىدا.
يار كەلگۈچە ئوينايمەن
سېلىپ قويغان سارايىدا.

ئۈزۈن سايدا ماڭغۇچە،
ناخشا ئېيتتىم تاڭغىچە.
يار، مەلەڭگە چىقمامسەن،
كۆرۈۋالاي قانغۇچە.

قورمال تاغنىڭ باشىدا،
بىر گۈمبەز بار قاشىدا.

ئۆلۈپ كەتسەم ئارمان يوق،
سۆيگەن يارنىڭ قاشىدا.

يارىم سۇغا چىقىپتۇ
چېلەك بىلەن چۆگۈندا.
قاچانمۇ كۆرۈشەرمىز
ناماز شامدا، گۇگۇمدا؟

كېلەرمىكىن يارىم دەپ،
تۈننى تەڭ قىلىپ ياتتىم.
سەن ئۆيۈڭدە ئۇخلىساڭ،
بار دەردىڭنى مەن تارتتىم.

ھويلاڭ ئاق بولۇپ قاپتۇ،
تەشتەكتە گۈلۈڭ يوقمۇ؟
شەرەت قىلسام بىلمەيسەن،
كېلىشكە يولۇڭ يوقمۇ؟

كۆيۈپ قالدىم بىر قىزغا،
سۇمبۇل چېچى قۇندۇزغا.
ئاخشاملىقتا كەل، يارىم،
ئاي بولمىسا يۇلتۇز بار.

ئارپىلىقتا ئوتلايدۇ
ئېگەر بىلەن ئارغىماق.
ئەجەبمۇ يامان ئىكەن،
سۆيگەن ياردىن ئايرىلماق.

تاغدىن كەلگەن شامالدىن
مەن يارىمنى سورايمەن.
يارىمنى كېلەرمۇ دەپ،
يولغا چىقىپ قارايمەن.

باغدا ئەجەب سايرىدى
كاككۇك بىلەن سېغىزغان.
يۈرىكىڭنى تۇتۇپ باق،
مەنمۇ شۇنداق سېغىنغان.

سېنى قاچان كېلۇر دەپ،
قاراپ ياتىمەن تاڭغا.
خالىيغا چىققان بولساڭ،
گەپ قىلارىدىم ساڭا.
چىرايلىقىنىڭ دەردى كۆپ،
پايدا كەلمەيدۇ ماڭا.

بۈگۈن ياندىم چارادىن،
يار قاشىغا باراي دەپ.
باقماس يارىم هېچ ماڭا،
يار كۆڭلىنى ئالاي دەپ.
يانغانىدىم چارادىن،
جامالىڭغا توياي دەپ.

يارنىڭ يۈزى بەك سۈزۈك،
تانمايدىكەن سۆزىدىن.
ئىچىدىكى گېپىنى،
بىلىپ بولدۇم كۆزىدىن.

كىشى سۆزى يالغاندۇر،
ئاڭلاپ كېلەي ئۆزىدىن.

مېڭىپمۇ يېتەلمىدىم،
ئېقىپ تۇرغان تارىمغا.
بارساڭلار سالام دەڭلار،
باغرى قاتتىق يارىمغا.
كېلىپ يەتسە بولمامدۇ،
مېنىڭ دەردۇ ھالىمغا؟

سېلىپ بەردىم قىياق ئوت،
ھويلىدىكى ئۇلاغقا.
يارنى سۇغا چىقار دەپ،
ئارقىدىكى بۇلاققا.
ساقلىسام يار چىقمىدى،
توخۇ چىقتى قونداققا.

نامازشام ۋاقتى بولۇپ،
توخۇ چىقتى قونداققا.
نېمە بالا بولغاندۇ،
كۆڭلۈم خۇشى ئامراققا؟
مەندە بولسا خىيالى،
چىقار ئىدى بۇ چاغقا.

كېچە ـ كۈندۈز يىغلىماقلىق
بولدىلەر مېنىڭ ئىشىم.
كۆنچى دەريا سۇيىدەك

ئاقىدۇ قانلىق يېشىم.

كېچە ـ كۈندۈز يىغلايدىمەن،
سېنى بىردەم ئۇنتۇماي.
قېشىڭغا باراي دېسەم،
ئىش چىقىدۇ توختىماي.

سالامىمنى ئېلىپ بار،
ئۇچۇپ بارغان قاغىلار.
تورغىيىمنىڭ دەردىدە
يىغلىدىم مەن زارۇ زار.
كۆڭلۇمنى ئاچاي دېسەم،
يانىمدا يوقكەن بازار.

سېنىڭ ئاي جامالىڭنى،
ھەر ۋاقىت كۆرگۈم كېلىدۇ.
قۇچاقىمغا ئېپ سېنى،
**قانماي** سۆيگۈم كېلىدۇ.

ياراتقان شۇ خۇدايىم
بەجا قىلسا تىلەكنى.
ئاشنا قىلىپ تۇتمايمەن،
تورغاي، سەندىن بۆلەكنى.
سەن يادىمغا كەلگەندە،
قىستاپ قويدۇم يۈرەكنى.

رۇخسەت بەرگىن قىزىلگۈل،

يېنىڭغا بىر بېرىشقا.
دوست ـ دۈشمەننىڭ ئالدىدا،
ئۆز مەيلىمچە سۆيۈشكە.
نېسىپ قىلسۇن خۇدايىم،
سەنمۇ مەندەك كۆيۈشكە.

ئالتىنچى ئاي ھاۋاسى
كەتتى دەرياني بويلاپ.
سەن يارىمغا خەت يازاي،
كەچكىچە ئوبدان ئويلاپ.
مەن بۇندا غېرىبلىقتا،
يارىم مەلىدە ئويناپ.

كېتىپ بارغان قاغىلار،
كۆرۈپ كەلگىن يارىمنى.
ئۆزۈڭ ھەر جايدا بولساڭ،
قويۇپ كېلەي جانىمنى.
كىم بېرىپ ئېيتار ساڭا،
مېنىڭ دەردۇ ھالىمنى؟ !

شايى ـ ئەتلەس بويۇڭدا،
ئالتۇن ـ سەدەپ بوينۇڭدا.
كېلەر قەرەلىڭ ئۆتتى،
قاراپ قالدىم يولۇڭغا.
ئۆلۈپ كەتسەم ئارمانىم،
بىر ياتمادىم قوينۇڭغا،
كەچ يېتىپ سەھەر قوپۇپ.

يۇرۇيدىمەن تىلەكتە.
ئىچىمنى يېرىپ كۆرۈڭ،
ساق يەر بارمۇ يۈرەكتە؟
يارىم، سېنى دېمىسەم،
نېمە باردۇر كۆزلەكتە؟

ئىشىكنى ئېچىپ قويدۇم،
شامال كىرسۇن بۇلۇڭغا.
ئىچىمدىكى دەردىمنى
سولاپ كەلدىم تۇلۇمغا.
سېنىڭدەك قىزىلگۈلنى،
ئېلىۋالسام قولۇمغا.

قىزىلگۈلۈم، دەردىڭدە
چىلاپ ئىچەي زەھەرنى.
ئىزدەيمۇ تاپالمادىم،
يارىم، سەندەك گۆھەرنى.
كېچىسى ئۇيقۇم كەلمەي،
كۆيدۈرەدۇر جىگەرنى.

چولپان بىلەن تەڭ تۇرۇپ،
بەلنى مەھكەم باغلادىم.
سەن گۈلۈمنى كۆرەلمەي،
كېچە ـ كۈندۈز يىغلادىم.
گۈلۈم، سېنىڭ ئىشقىڭدا،
يۈرەكىمنى داغلادىم.
ئۈنچە يوللىدىم ساڭا،

قادىۋالغىن بېشىڭغا.
ئەجەب رەھىمىڭ كەلمىدى،
كۆزدىن ئاققان يېشىمغا.
قاناتىم بولسا مېنىڭ،
بارار ئىدىم قېشىڭغا.

بۇ تاڭلار ئۇزۇن تاڭلار،
قاراپ ياتتىم تۇڭلۇككە.
بارغانلار سالام دەڭلار،
ياقىدىكى ئۆيلۈككە.
مەن ئەمدى چىدامادىم،
ياردىن چۈشكەن كۆيۈككە.

مېڭىپ ـ مېڭىپ يېتەلمىدىم تارىمغا،
قانداق چىداي زىلۋا ـ لەۋەن يارىمغا؟
كېچىلەردە ئۇيقۇ كەلمەس كۆزۈمگە،
قىزىلگۈلۈم، سەن يەتكەندە يادىمغا.

ئالتىنچى ئايدا دولقۇنلاپ ئاقار تارىم،
شۇ ۋاقتىدا مۇڭلار چېكىدۇ يارىم؟
ئول يارىمغا سالامىمنى يەتكۈزۈڭ،
كۆيۈپ تولا قالمىدى مېنىڭ ھالىم.

قىزىلگۈلۈم قارچىغىنىڭ بالاسى،
قانداق قىلاي، ئەي كۆزۈمنىڭ قاراسى؟
قانات ياساپ ئۇچۇپ بارسام قېشىڭغا،
ساقىياتتى يۈرەكىمنىڭ ياراسى.
سېغىندىم مەن باغنىڭ ئانارىنى،

خارلىماسمەن ياشلىقىم باھارىنى.
قىزىلگۈلۈم، بۇنى ساڭا يەتكۈزەي،
ئەتىلىككە بۇندا تاڭ ئاتارىنى.

يىغلاپ يىپشىم دەريا بولۇپ قۇيۇلۇپ،
بىر كۈن بولماي قىلغان ئىشىم تۇيۇلۇپ.
دۆڭگە چىقىپ مەلەڭ سايان يىغلادىم،
سەن يار ئۈچۈن گۆھەر كۆزۈم قۇيۇلۇپ.

شۇ كۈنلەردە ھايداغىنىم ھاراۋا،
كېلىدۇ دەپ بىزنى يولغا قاراما.
ئەينەك بولسۇن مەختۇمسۇلا كۈنلىرى،
بىز بارغۇچە باش ـ كۆزۈڭنى تاراما.

خۇش بوپ ماڭسام، بوغداي قاپتۇ خاماندا،
بارۇرسىز دەپ مېڭىپ كەتتۇق ئارماندا.
كۆرسەم سىنى كۈندە كۆرگۈم كېلىدۇ،
سىنى ئىزدەپ يۈردۈم مەن ھەر تاماندا.

تېپىلمىدى بۇ يۈرەكنىڭ دورىسى،
چۈشمەيدىكەن يارنىڭ بىزگە سايىسى.
ۋاپادارىم، قېشىڭغا باراي دېسەم،
تاپالمىدىم بىرەر ئىشنىڭ بانىسى.

يارىم بىلەن ئىككىمىز بولساق جەمى،
تولا مېڭىپ تېشىلدى كەشنىڭ چەمى.
تېخىچىلا تامىقىمدىن كەتمەيدۇ

ئۆيىمىزدە ئىچكەن چاينىڭ تەمى.

بىر قاراپلا يۈرەكنى قىلدىڭ كاۋاپ،
ئال قولۇڭغا، ئۆمرۈڭگە بولسۇن ساۋاب.
ئارادىكى دۈشمەنلىرىڭ بولمىغاندا،
كۈندە بىرىپ مەلەڭگە قىلسام تاۋاپ.

گەپ توشۇيدۇ ئارادا دۈشمەن بولۇپ،
تولا گەپتىن ئىچىممۇ دەردكە تولۇپ.
بۈگۈن ئاخشام چۈشۈمگە كىرىپ قاپسىز،
چىراغ يىقىپ قارادىم ئۆرە تۇرۇپ.

ماقۇل دىسەڭ سىتىۋلاي بايىڭغا[1]
ئارا يىراق، بارالمىدىم جايىڭغا.
كۆيۈكىگە كاۋاپ بولدى يۈرەكىم،
ئۆلۈپ كەتمەي ئارا تۇرغىن جانىمغا.

كىچە ئايغا قارايمەن،
يارىم، سىنى سىغىنسام.
سەن جانانغا يەتكۈزەر،
خۇدايىمغا يىغلىسام.

قىزىلگۈلۈم بۇ زىمىندە تۇغۇلماس،
ئاشىق ـ مەشۇق بىر ـ بىرىگە قوشۇلماس.
مەن يارىمنى نەچچە قىتىم كۆرمىسەم،
گۈلگە ئوخشاش مىنىڭ كۆڭلۈم قوشۇلماس.
ئۇنتۇلۇپ غىرىبلىقنى،

---

① بايىڭ ـــ باھايىڭ.

ئەسلەپ خىنىم چىرايلىقنى،
ئاھ ئۆرۈپ خۇدايىمغا،
تىلەيمەن ئامانلىقنى.

ئاق كەپتەر بولۇپ قالسام،
ئۇچۇپ يېنىڭغا بارسام.
سەن بىلەن بىرگە ئويناپ،
قەلبىمنى بايان قىلسام.

سەن يارىمنى كۆرمىسەم،
كۆڭلۈم ھەريان چېچىلۇر.
سەن يارىمنى كۆرگەندە،
كۆڭلۈم گۈلدەك ئېچىلۇر.

كۆز ئالدىمدىن ئۆتۈپ كەتتى بىر توشقان،
بوز لاچىنمۇ ھاۋادا ئېگىز ئۇچقان؟
سەن ئۇياقتا، مەن بۇياقتا تەلمۈرۈپ،
تەلمۈرگەندە خۇدايىم بىزنى قوشقان.

ئىشىكنى ئېچىپ قويسام شامال كىردى بۇلۇڭغا،
ئىچىمدىكى دەردىمنى قاچىلايمۇ تۇلۇمغا؟
كۆزلىرىم بەسىر[1] بولدى قاراۋېرىپ يولۇڭغا.

تۈندە يېزىپ خەت ئەۋەتتىم،

① بەسىر ـــ قارىغۇ، ئەما.

بولسىمۇ تۈز.
تۈز بولسىمۇ ـ بولمىسىمۇ،
ئوقۇڭ، ئانار يۈز.

خەت يازغانغا تېگەمدىكەن،
يۈرەكتىكى سۆز؟
ھەر كىشىنىڭ تۇتقان يارى
ئۆزىگىلا ئۈز.

پۇرىغىلى خۇش پۇراق،
قىزىلگۈلۈم سىز.
قۇشلىغىلى قولۇمدىكى
جان قۇرغۇيۇم سىز.

كاككۇك بولۇپ سايرىۋالاي،
تېرەكىڭىزدە.
بېلىق بولۇپ ئوينىۋالاي،
يۈرەكىڭىزدە.

گېپىڭ قاتتىق تېگىدۇ،
يۈزمىڭ دەشنام تاياقتەك.
بىزنىڭ يارلار بەك نازۇك،
باغدا ئۆسكەن قىياقتەك.
يېقىن كەلسەم يېنىغا،
يانىدىكەن چىراغتەك.

قىزىلگۈلۈم كەلگۈدەك،
يوللىرىنى سۈپۈرەي.

يارنىڭ يۈمشاق بويىغا
چار يىلاندەك يۆرگىلەي.
دەردلەر كەلسە بېشىغا،
دۈشمەنلىرىم كۆرمىگەي.

ئۈچۈپ بارسام يانىڭغا،
بولسا ئىدى دۈلدۈلۈم.
خۇرسەن بولدۇم ئاجايىپ،
سالام دەپتۇ بۇلبۇلۇم.
غېرىب بولسام يىغلايمەن،
سېنى ئەسلەپ، ئەي گۈلۈم.

سەھەر تۇرۇپ قۇلاق سال،
غېرىبلانغان شۇ ئۈنگە.
چىراغ ھەمراھ بولادۇر،
سېنى ئويلىغان تۈنگە.
كۆز يېشىم دەريا بولار،
يىغلىسام قىزىلگۈلگە.

دۆڭگە چىقىپ قاراسام،
كۆرۈنمىدىڭ ئىشىكتە.
تالا ـ تۈزگە چىقمايسەن،
بالاڭ بارمۇ بۆشۈكتە؟
ئاغرىقچان بولۇپ قالدىم،
ماراپ ياتىپ تۈڭلۈكتە.

ئون بەش كۈنلۈك ئايغا ئوخشار جامالىڭ،

كۆيدۈرسەن، نېمە ئىكەن خىيالىڭ؟
قىزىلگۈلۈم ۋەدەڭگە ۋاپا قىلىپ،
بىر كېلىشكە يېتەرمىكىن ئامالىڭ؟

جامالىڭنى تولۇن ئايغا ئوخشاتتىم،
قوشىقىمنى مۇشۇ يەردە توختاتتىم.
مىسرالىرى دەردتىن دېرەك بېرىدۇ،
رەڭلىرىنى ئاھلىرىغا ئوخشاتتىم.

تىل تورغىيىم، بەدىنىڭ
بىر كېلەتتى قۇچاققا.
ساچىم كەلدى مۇرەمگە،
رۇخسەت قىلماي بۇ چاغقا.
تېرە ـ ئۇستىخان قالدى،
ئۇنىڭ كىرگەچ قۇلاققا.

ئورناپ كەتتى يۈرەككە،
تىل تورغىيىم، سۆزۈڭدىن.
ساڭا بەرگەن كۆڭلۈمنى،
كۆرگەنمىدىڭ كۆزۈمدىن؟
ئۆلۈپ كەتسەم ئوتۇڭدا،
رازى بولغىن تۇزۇڭدىن.

ياغلىقىڭنى تورغىيىم،
سايە قىلاي باشىمغە.
باراي دېسەم يول يىراق،

يېتەلمىدىم قاشىڭغا.
بارغانلار سالام دەڭلار،
غۇنچە بويلۇق يارىمغا.

ئاقسۇپا يايلاقىدا
تىزغا كېلىپتۇ قىياق.
خەت - خالتىڭىز كەلمىدى،
ئارامىز قانچە يىراق؟
يىراقلىقمۇ بىلىنمەس،
يۈرەكتە بولسا پىراق.

تاغدا كاككۇك، ئۆلكىدە زەينەپ ئۈنى،
سېنى كۆرمەي يەتمەيدۇ مېنىڭ ئۈنۈم.
شۇ جايلاردىن ئىزدەپمۇ تاپالمىدىم،
نەگە كەتتىڭ، ھەمراھىم، قىزىلگۈلۈم.

قاغا بولۇپ ئىشىكىڭدە قاقىلدىسام،
كېچىلەردە مەن ئورنۇمدا ياتمىسام.
بۇ يىل مۇندا مېنىڭ ئىشىم تەس بولدى،
ئىزدەپ بېرىپ مەن يارىمنى تاپمىسام.

ياغلىقىڭنى سايە قىلغىن بېشىڭغا،
ئارا يىراق، بارالمىدىم قېشىڭغا.
ئاغىنىلەر، بارساڭلار سالام دەڭلار،
دۆڭگە چىقىپ مېنى سورىغان يارغا.

قولنى سوزسام قولۇم يەتمەي ئېگىزگە،
نۇرغۇن سۆزنى ئېيتالمىدىم مەن سىزگە.

مەن ئاڭلىسام گۈللەرمۇ ئاچىلىپتۇ،
تاللاپ تۇرۇپ ئەۋەتمەيسىزغۇ بىزگە؟ !

تاڭ سەھەردە توخۇلارمۇ چىللاشىپ،
ئولتۇردۇڭ سەن خەقلەر بىلەن قاراشىپ.
قىزىلگۈلۈم، مەنمۇ سېنى دېگەچكە،
يىراقلاردىن كەلدىممەن داۋان ئاشىپ.

ئۆزى تاتلىق، مەن بارمادىم جايىڭغا،
بىر نەچچىلەر ئاخىر يېتەر ئاھىمغا.
ئىككى ئېغىز سالام خەتنى ئەۋەتتىم
غۇنچە بويلۇق پەرىزاتتەك يارىمغا.

تاشلاپ قويسام بۇغداي قاپتۇ خاماندا،
بارارمەن، يېتىپ كەلدىم ئارماندا.
تورغايخانىم، ئالۇرسەنمۇ كۆڭلۈمنى،
چاغلاپ باققىن كۆيگىنىمنى بارغاندا.

ئاينى توسۇپ بۇلۇت ئېلىپ قاچقاندەك،
خامان ئېلىپ ھوسۇلنى تەڭ چاچقاندەك.
قىزىلگۈلۈم، قەيەرلەردە يۈرىسەن،
كۆزنى يۇمۇپ ئۆزۈڭ كېلىپ ئاچقاندەك.

كېچە ـ كۈندۈز باسىدۇ مېنى خىيال،
مەن يارىمنى كۆرۈشكە ئىزدەپ ئامال.
قىزىلگۈلۈم كۆيگىنىمنى بىلمەيدۇ،
كۈندە بېرىپ تۆكسەم دەيمەن دەردۇھال.

ئۆتەرمەن دەپ بىر ئېرىقتىن ئاتلىدىم،
غۇنچە بوينى بىر گىرەلەپ باقمىدىم.
كۇندە تۇرۇپ قەرەلىنى سوراغلاپ،
بەرگەن ۋەدە سۆزلىرىنى يادلىدىم.

تەشنا بولۇپ كەلسەم، يارىم، قاشىڭغا،
تاشلاپ كەتتىڭ مېنى يالغۇز قالدۇرۇپ.
ئىشق ئوتۇڭدا كىچە ـ كۇندۇز يىغلايمەن،
سېنىڭ ئۇچۇن بىر خۇداغا يالۋۇرۇپ.

يالغۇزلۇقتا بولۇپ قالدىم ناتىۋان،
سېنى كۆرمەي كۇنلىرىم بولدى يامان.
نېسىپ بولۇپ يەنە بىر كۆرۈشكەيمىز،
قىزىلگۇلۇم، سولاشماستىن بول ئامان.

سەھەر تۇرۇپ سەن تەرەپكە قارىسام،
بۇلبۇل بولۇپ گۇل شېخىدا سايرىسام.
قىزىلگۇلۇم، كۆڭلۇڭنى بۆلمە ھەرگىز،
يولۇم توسۇق بولۇپ قېلىپ بارمىسام.

ئىككى ئېغىز گەپ ئاڭلاپ قوي، قىزىلگۇلۇم،
سەن تەرەپكە قاراقلىق ئىككى كۆزۈم.
سۇسىز قالغان بېلىق ئوخشاش تەلپۇنۇپ،
زەپىراندەك سارغايدى قىزىل يۇزۇم.

باراي دېسەم يول يىراق،
بارماي دېسەم ئىشتىياق.

كۆيدۈرەمدۇ يۈرەكنى
يىراقتىكى يار شۇنداق؟ !

يېتىپ مۇندا ھەسرەت ـ نادامەتتە مەن،
ئېرسالنامە ئېۋەتتىم خىجالەتتىمەن.
يىراقىڭدا بولدى ھالىم زەبۇنە،
ئۆزۈم غەمدە ـ مالامەتتە مەن.

سېنى كۆرمىگەن بولساممۇ كاشكى،
نەدە كۆرۈپ بۇ ۋىدايەتتىمەن.
دىلىمغا قادالدى ئىشقىڭ خەنجىرى،
شۇندىن بۇيان بىمارەتتىمەن.

كۆل بويىدا قوش سۆگەت،
يول بويىدا ئاق سۆگەت.
ئانچە ـ مۇنچە كەل، يارىم،
چىدىمايدىكەن يۈرەك.

ئاق كۆڭلەك، قارا كۆڭلەك
يارىمنىڭ ئۇچاسىدا.
ئۆلمىسەك كۆرۈشەرمىز
ئۇچتۇرپان كوچاسىدا.

ئاق ئالمىنىڭ شېخىدەك
ئېگىلىپ قالدىم بۇگۈن.
ئۇچ كۈن بولدى كۆرمىگىلى،
سېغىنىپ قالدىم بۇگۈن.

سېنى ئۆندا ياراتتى،
مېنى مۆندا ياراتتى.
ئىككىمىزنىڭ ئارىسىغا
ئاقار دەريانى ياراتتى.

قاش بېشىغا بارغۇچە،
تاش تېپىلماس ئاتقىلى.
پۇرسەت كەلمىدى بۈگۈن،
قوش يۈرەكنى چاتقىلى.

تەپسەم ساندۇق ئېچىلۇر،
گۇل باشىمغا سانجىلۇر.
سىزنىپ ماڭا خەت كەلسە،
مېنىڭ كۆڭلۈم ئېچىلۇر.

شاخلايدۇيا شاخلايدۇ،
قاپاق تېرەك شاخلايدۇ.
قاپاق تېرەك تۈۋىدە
بىزنىڭ يارلار ساقلايدۇ.

پۈچقىقىمنى تۈرمەستىن،
سۇغا كىردىم يوتىغا.
يارىم ئەجەب كەلمەيدۇ،
ئۆلتۈرەمدۇ ئوتىدا؟

ئىچىمدىكى دەردلىرىم
چىقمايدىكەن تېشىمغا.

ئۇچار قاناتىم بولسا،
بارار ئىدىم قېشىڭغا.

توغراق، يۇلغۇن كۆكىرىپ،
گۇزەل قىپتۇ تارىمنى.
ئاخىر بىر كۈن سۆيەرمەن،
كۆڭلۇمدىكى يارىمنى.

دەرياغا تور تاشلىدىم،
ئالتۇنبېلىق تۇتماق بولۇپ.
مەن يارىمغا خەت ئەۋەتتىم،
كۆڭلىنى ئۇتماق بولۇپ.

قاشلارى قارامىدۇ،
يۇرتلىرى ھەرەممىدۇ؟
باراي دېسەم يول يىراق،
ماڭا كەلگەن ئەلەممىدۇ؟

باغ بولسا ئاۋات بولسا،
چاي بولسا ناۋات بولسا.
سەن يارىمنى سېغىنغاندا،
ئۇچقىلى قانات بولسا.

يارىم ياغلىق چىگىپتۇ،
پېشانىسىنى چۆكۈرۈپ.
نېكەمگىچە يۇرىسىز،
كۆيگەن ئوتنى ئۆچۈرۈپ؟

قەشقەر بازىرى پەستە،
كوچىسى ئاۋۇلت رەستە.
كىلىڭ، يارىم، ئوينايلى،
دۈشمەن بىلەن بەس ـ بەستە.

يارىمنىڭ ئالمىسىدىن
بىرنى ئۈزۈپ يېمىدىم.
كۆيگىلى ئۈزۈن بولدى،
بىرنى سۆيۈك، دېمىدىم.

تاشلاشقان ـ تاشلاشمىغان،
تاشلىشىپ چىداشمىغان.
شۈنچە يىل بىللە يۈرۈپ،
قانغۇچە مۈڭداشمىغان.

ئېتىمنى مىنىپ بېرىپ،
يارىمنى كۆرەي دەيمەن.
يار ئوتى يامان ئىكەن،
دورا يەپ ئۆلەي دەيمەن.

ياخشى ئاتنىڭ بالىسى،
سۆڭگىچىدە ئالىسى.
بىزنى كۆيدۈرگەن يارنىڭ
قۇچىقىدا بالىسى.

ئېتىمنى مىنىپ بېرىپ،
يارىمنى كۆرەي دەيمەن.

يارىمنىڭ قولاقىغا
ھالقا سېپ قوياي دەيمەن.

ئۆستەڭ ياقىلاپ ماڭسام،
مىراب ساپتۇ كۆۋرۈكنى.
ئىككىمىز ئاراسىغا
خۇدا ساپتۇ كۆيۈكنى.

ئۈزۈملەر پىشىپ قاپتۇ،
شاپتۇللارمۇ پىشقاندۇ؟
چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ،
يار مېنى سېغىنغاندۇ؟

باشىڭدىكى دوپپاڭنى
قىستۇرۇپ بۇزۇۋەتمە.
بۇ ئالەم ئۈزۈن ئالەم،
ئۈمىدنى ئۈزۈۋەتمە.

بىز قەشقەردىن كەلگۈچە،
سانساكۇدا تاڭ ئاتتى.
شېرىن ئۇيقۇدا ياتسام،
يارىم كېلىپ ئويغاتتى.

تاڭدا كەلگەن شامالدىن
يارىم، سېنى سورايمەن.
كەلسە خەۋەر سېنىڭدىن،
يولغا چىقىپ قارايمەن.

قاغا جىگدەڭنى يېمەيمەن،
چىشىم ئاغرىيدۇ مېنىڭ.
مەشۇقۇم يادىمغا يەتسە،
ئىچىم ئاغرىيدۇ مېنىڭ.

ئاق ياغلىقمۇ توقۇيمەن،
كۆك ياغلىقمۇ توقۇيمەن.
جاۋاب يازساڭ خېتىمگە،
يۈز مىڭ رەھمەت ئوقۇيمەن.

قاچان چۈشەر سايىسى،
يېڭى تىككەن جىرىمنىڭ؟
جاندىن ئۆتتى كۆيۈكى،
يىراقتىكى خېنىمنىڭ.

ئىلىخو دېگەن شەدە
مەن بارمىغان باغ تولا.
دەردىڭىزنى ئەجەب تارتتىم،
يۈرىكىمدە داغ تولا.

تاڭ سەھەردە بۇلبۇلدەك،
تۇمۇچۇقۇم ئويغاتتى.
يار ئوتى يامان ئىكەن،
مېنى ئەجەب يىغلاتتى.

يولنى ماڭسام باغ ئارا،
كېچە ماڭا كۈندۈزدۇر.

مېنى ھەرگىز توسماڭلار،
يارىم ئۆيدە يالغۇزدۇر.

باراي دېسەم يول يىراق،
كۆرەلمىدىم مەن سېنى.
كۆيۈپ قالغان چېغىمدا،
سۆيەلمىدىم مەن سېنى.

ئاي يۇزلۇكۇم يارىمسەن،
گۇل يۇزلۇكۇم يارىمسەن.
چۈشۈمگە كىرىپ قاپسەن،
ساق ـ سالامەت بارمۇ سەن؟

ئوتلار كۆيەر ئىچىمدە،
دەردنى ئۆزۈم بىلەرمەن.
كۆزدىن ئاققان ياشىمغا
كېمە سېلىپ ئۆتەرمەن.

ئەجەب رەھمىڭ كەلمىدى،
كۆزدىن ئاققان ياشىمغا.
قانات بولسا ئۇچاتتىم،
يارىم، سېنىڭ قاشىڭغا.

ئۈنچە ـ مارجان چېچىلدى،
قولۇم يەتمەس تېرىشكە.
قاچانمۇ تاڭ ئاتاركىن،
يارىمنى بىر كۆرۈشكە؟

ئېرىقىڭنىڭ تېگىدىن
سۇ ئۆتەمدۇ، قارا قاش؟
سېنى بىردەم كۆرمىسەم
كۈن ئۆتەمدۇ، قارا قاش؟

شاپتۇل شېخىدەك پەسكە
ئېگىلىپ قالدىم بۈگۈن.
مېھرىبان يار قايدا دەپ،
سېغىنىپ قالدىم بۈگۈن.

توشقان چىقتى ئۆۋۈدىن،
قارچىغىنى قوشلايمەن.
يار دەردى يامان ئىكەن،
كېچە - كۈندۈز يىغلايمەن.

ئاھ، خېنىم، رەھىم قىلىپ،
ھالىمنى سورىساڭ نېمە بولۇر؟!
مېنى مۇنچە قىينىماي،
جېنىمنى ئالساڭ نېمە بولۇر؟!

كۆيگىنىمگە پۈتمىسەڭ،
سىناپ باقساڭ نېمە بولۇر؟!
يۈرىكىمنىڭ قېتىنى
يېرىپ باقساڭ نېمە بولۇر؟!

بېغىڭغا كىرىپ باقسام،
بار ئىكەن قورۇق تېرەك.

يارىمنى خىيال قىلسام،
ئوتتەك كۆيىدۇ يۈرەك.

ئالىمەن راۋابىمنى،
چالىمەن پىغانىمغا.
سالامىمنى يەتكۈزگىن،
مېنىڭ سۆيگەن نىگارىمغا.

يارىم تىكىپ كىيگۈزگەن
بادامدوپپا باشىمدا.
بىر يۇتۇم سۇ ئۆتمەيدۇ،
يار بولمىسا قاشىمدا.

كۆزلىرىمگە ياش كەلدى،
مەن يارىمنى كۆرگەندە.
ئالما تۇتتۇم يارىمغا
قىزىلگۈللۈك لېگەندە.

ئالمائىنى يېگەن بىلەن،
سوغۇق سۇ ئىچەلمەيمەن.
ياردىن خەق كەچسىمۇ،
مەن ياردىن كېچەلمەيمەن.

ھەر جايغا بارساڭ،
بولغىن سالامەت.
سەن يارىم ئۈچۈن،
چەكتىم نادامەت.

ئاسمانغا قاراپ،
چولپاننى كۆردۇم.
ئۇخلاپ چۈشۈمدە،
سەن يارنى سۆيدۇم.

ئاينىڭ بارمۇ شولىسى،
كۈننىڭ بارمۇ شولىسى؟
ياخشى يەردە يار تۇتسام،
يامان يەردە ھويلىسى.

ئىرنىقىممۇ ئىرنىقىم،
پىلدىرلايدۇ بىلىقىم.
قانداق يەردە تۇرسەن،
مېنىڭ يارىم، غېرىبىم؟

هاراق ئىچسەم مەست ئەمەس،
دورا ئىچسەم مەست ئەمەس.
بىر كۆرگەن شۇ يارىمنى
يەنە كۆرمەك تەس ئەمەس.

باغقا كىرسەم سەھەردە،
بۇلبۇل خۇشال سايرايدۇ.
مەن يارنى سېغىنغاندا،
قولۇم ئىشقا بارمايدۇ.

ئۆستەڭ ياقىلاپ بېرىپ،
كۆزۈم يەتسە كۆرەردىم.

شۇنداق دەردنى تارتقۇچە،
ئەجەل كەلسە ئۆلەردىم.

ئۆستەڭ ياقىلاپ بىرسپ،
سۇغا قاراپ ئولتۇردۇم.
يار يادىمغا يەتكەندە،
گۇلنى پۇزاپ ئولتۇردۇم.

ئىشىك ئالدى بوستانلىق،
باراقسانلىق، گۇلباغلىق.
سەن يارىمنى بىر كۆرسەم،
نىمىدېگەن خۇشاللىق!

ئىشىك ئالدى شاپتۇلا،
يۈرىكىمدە گەپ تولا.
مېھرىبان يارىم بىلەن
بىللە يۈرسەم نىم بولا؟!

يۈرىكىم ئارام تاپماس،
سەن يارنى سېغىنغاندا.
ئۆلمىسەم كۆرۈشەرمىز،
باغدا گۇل ئېچىلغاندا.

مەن يارىمنى تاپارمەن،
ئانارگۇلنى ئۈزەرمەن.
مەن يارىمنى تاپقاندا،
مۇرادىمغا يېتەرمەن.

باغنىڭ چۆرىسى ئېرىق،
ئېرىق بويى چىمەنزار.
سەن يارىمنى كۆرۈشكە،
بولدۇم بەكمۇ ئىنتىزار.

گۈل تېرىسام تەشتەككە،
ئېچىلىپتۇ چىرايلىق.
سەن يارىمنى كۆرگەندە،
يۈرىكىمدە خۇشاللىق.

گۈللەر تېرىدۇق باغقا،
يۇراق چاچتى ھەر ياققا.
ئىنتىلىدۇ يۈرىكىم،
يارىم ئوينىغان باغقا.

دۇتارغا باغلىدىم پەدە،
راۋابقا باغلىدىم پەدە.
بىلمەيتىمەن قەدرىڭنى،
سېنىڭدەك ياخشى يار نەدە؟!

يارىمغا تۇتۇپ بەردىم،
چىنىگە قۇيۇپ چاينى.
ئەمدى قاچان كۆرەرمەن،
سېنىڭدەك تولۇن ئاينى؟!

ئاتقا تاقا قاقتۇردۇم،
تۆمۈرچىگە بۇيرۇتۇپ.

قېشىمغا كېلىپ قاپلا،
يەر ـ جاھاننى يورۇتۇپ.

قولۇڭدىكى تاياقنى
كىمگە بېرىسەن ئاقلاپ؟
چىقمايسەن تالا ـ تۈزگە،
ئولتۇرامدىمەن ساقلاپ؟

خوتەن يولى ئېچىلدى،
ئەمدى كېلىدۇ خەسە.
ئۆزى كەلمىگەن يارنىڭ
خەت ـ خەۋەرلىرى كەلسە.

كېلىمەن دەپ ھەپتىدە،
ئىككى ئايغا قالدىلا.
يوللىرىغا قارىتىپ،
يۈرەككە ئوتنى سالدىلا.

ئوينىغۇچنى يەرگە سالسام،
كېچە چۈشتى خەمىكى.
بىزنىڭ يار يىراققا كەتتى،
خېلى باردۇر كەلمىكى.

باغ ئىچىدە بوستانلار،
يارىشىپتۇ ئاق تاللار.
يارنىڭ دەردىدە يىغلاپ،
كۆزۈمدىن ئاقىدۇ قانلار.

باغىمغا ئۆرۈك سالدىم،
چېچەك بولۇپ ئۈنسۇن دەپ.
يارىمغا سالام يازدىم،
ئەھۋالىمنى ئۇقسۇن دەپ.

بىر چەينەكتە چاي ئەۋەتتىم،
ئۇسسىغاندا ئىچسۇن دەپ.
كۆكچى قوغۇن ساقلىدىم،
ئۆزى كېلىپ پىچسۇن دەپ.

سۇلار ئاقىدۇ ئويناپ،
بىزنىڭ مەلىنى بويلاپ.
ناخشا ئېيتىمەن دائىم،
سەن يارنى تولا ئويلاپ.

ئامرىقىمنىڭ سۆزىنى،
قايدىن تاپۇرمەن ئۆزىنى؟
ياغلىقىمغا تۇگۇۋالاي،
سايدا باسقان ئىزىنى.

دىلبىرىم مەندىن يىراق،
دىلبىرىمدىن مەن يىراق.
دىلبىرىمنىڭ دەردىدە،
قوزغىلار ئوت ـ ئىشتىياق.

كېچە ـ كۈندۈز يىغلىماقتىن
ئۆزگە ئىش يوقتۇر ماڭا.

بۇ مېنىڭ يىغلىغىنىمنى
كىم بېرىپ ئېيتار ساڭا؟ !

ئۇ خېنىمنىڭ دەردىدە،
دەريادا ئاقسام.
كۆيۈك ئوتىدىن باغرىمنى
نەم يەرگە ياقسام.
تېپىشقاندا يارىم بىلەن،
بىر يەردە ياتسام.

ناماز پېشىن شام ئارىلاپ،
گۈلباغدا ياتسام.
چولام تەگسە، يار قېشىغا
بەش بېرىپ يانسام.

ئاخشام ياتتىم خاماندا،
ياستۇق قىلىپ باغلىقنى.
ھەمراھ قىلدىم ئۆزۈمگە
يارىم بەرگەن ياغلىقنى.

يار چىللاپتۇ ئورمىغا،
ياناريمنى بىلمەيمەن.
يار سۆيگىلى ئۇنىمىسا،
ئېگىزلىقتا تۇنەيمەن.

پىشىپ قالدى بۇغدايلار،
يارنى چىللاي، ئورغىلى.

دالدا قىلىپ ئۈنچىنى،
راسا قىنىپ سۆيگىلى.

بىرىدىن ئالما پۇرايدۇ،
بىرىدىن باغدا ئانار.
بېرىپ ئېيتىڭلار يارغا،
سۆيسەم يۈرىكىم قانار.

يارىمنىڭ يارى بولسام،
بېغىنىڭ گۈلى بولسام.
يار بىلەن تېپىشقاندا،
كۆزىنىڭ نۇرى بولسام.

ئات مىندىم چىلان تورۇق،
يارىم سېمىز، مەن ئورۇق.
يولغا چىقمىسام بولماس،
يارنىڭ سۆزلىرى بۇيرۇق.

يارىم كەتتى ئاياغقا،
بەشبۇلاققا، يانتاققا.
بىزنىڭ يارلار ئىشلەيدۇ،
خالتا بىلەن پايپاققا.

ئاسماندىكى قاتار تۇرنا،
نەگە ئۇچتۇڭلار؟
مەن يارىمغا خالتا بېرەي،
ئالغاچ كېتىڭلار.

بوٴغدىيمنى ئورۇۋالسام،
باشقىنى تېرىۋالسام.
ئوٴيالمىسام خەقلەردىن،
يار قېشىغا بېرىۋالسام.

توٴت ـ بەش كوٴن بولوٴپ قالدى،
يار بوٴ يەردىن كەتكىلى.
ئىزىنى ئىزدەپ يوٴرىمەن،
يار قېشىغا يەتكىلى.

ئاق پىيازنى ئاقلايمەن،
قىزىل پىيازنى ئاقلايمەن.
يارىمدىن خەۋەر كەلسە،
يوٴرىكىمدە ساقلايمەن.

دەرد كەلدى، پىغان كەلدى،
مەن ئەمدى ساقايماسمەن.
يارىمدىن خەۋەر ئالسام،
ساقىيوٴرمەن، ئوٴلمەسمەن.

دەرد كەلدى بوٴ باشىمغا،
كىشى كەلمەيدوٴ قاشىمغا.
كىشى كەلسىدى قاشىمغا،
خەت بەرسەم ئاداشىمغا.

تاغ باشىدا قارىغاي،
قارىغاي ئېگىلىپ توٴرغاي.

ئەقلى بولسا يارىمنىڭ،
كۆندە سېغىنىپ تۇرغاي.

ئاق كەپتىرىم موللاقچى،
كۆك كەپتىرىم موللاقچى.
ئىككىمىزنىڭ ئاراسىدا
قاچان تۈگەر پايلاقچى؟

يارىم كەلدى بوستاندىن،
ئۈچ قونۇپ تۆگە بىلەن.
مەن يارىمنى مېھمان قىلدىم،
خىلمۇخىل مېۋە بىلەن.

ئېگىزگە چىقمۇاپسىز،
ئۆگزىڭىزدە قار بارمۇ؟
ئالما ـ ئانار ئەكەلدىم،
سىزدەك ياخشى يار بارمۇ؟

ئىشىك ئالدىدا ئاق ئالما،
ئېگىلەيمۇ دېمەيدۇ.
شۇنچە قىلسام يارىمغا،
بىر كېلەيمۇ دېمەيدۇ.

كۆك كەپتەر ئولتۇرىدۇ،
جۇجەم بېشىدا.
بىزنىڭ يارلار ئولتۇرىدۇ،
گۈلنىڭ قېشىدا.

ياغ دېسەڭ يۇپاڭغا بار،
هاراق دېسەڭ شوپاڭغا بار.
قارا كۆز يارنى دېسەڭ،
ئاتنى مىنىپ تۇرپانغا بار.

مەن ئۆزۈم يانقىردا بولسام،
ئامرىقىم ئاستانىدە.
بارساڭلار سالام دەڭلار،
كۆزلىرى مەستانىگە.

ئايمۇ كۆكتە، كۈنمۇ كۆكتە،
چەرخى پەلەكتە.
يارىم، سىزنى تولا ئويلاپ،
قالدىم كۆيۈكتە.

تام بېشىدا ئولتۇرغان
بوينى ئالا بوز لاچىن.
مەلىڭىزگە مەن كەلدىم،
ئۆيىڭىزگە يول ئاچىڭ.

يارىم كۈلۈپ باقمىسا،
گۈلنى سۇنمايمەن.
بىرنى سۆيۈپ قويمىسا،
ئۆيگە يانمايمەن.

ئاق ناۋات سېلىپ، يارىم،
دەملىدىم چاينى.

ئۈسسىغاندا ئىچسۈن دەپ،
سىز تولۇن ئاينى.

ئاق قۇشقاچ كېلىپ قوندى
ئاق جۈجەمنىڭ شېخىغا.
يارىم مېنى چىللىدى
ئۈزۈمزارلىق بېغىغا.

دەريا تولۇپ ئېقىپتۇ،
بېلىق بولۇپ ئۈزگۈدەك.
يارىمدىن خەۋەر كەلدى،
يۈرىكىم يېرىلغۇدەك.

ئېگىز تاغقا چىقتىم مەن،
تاپىنىمغا تاش قويۇپ.
يارىم كەلسە سۆيەرمەن،
ئايىغىغا باش قويۇپ.

يارىم مېنى سورايدۇ،
گېپى بىلەن تورايدۇ.
بىرنەچچە كۈن كۆرمىسەم،
ئوينىغۇچتەك پۇرايدۇ.

گۈلزەپەرنىڭ گۈلىمەن،
تېرىسىمۇ ئۈنىمەن.
ئارىدا ئىككى قونۇپ،
يار قېشىغا كېلىمەن.

كىم يارىمغا قەست قىلسا،
ئۇنىڭ بېشى پەس بولۇر.
كۆرۈشۈشكە ئالدىرىماڭ،
كۆن ئولتۇرسا كەچ بولۇر.

گىلەم دوپپاڭنى مەن كىيسەم،
زەپ ياراشتى بېشىمغا.
كۆڭلۇم تاغدەك ئۆسمەمدۇ،
ئۆزۈڭ كەلسەڭ قېشىمغا؟ !

ئېتىمنى قويۇپ بەردىم ،
ئارىشاڭ يولىدا تۇزگە.
كۆرسەڭلار سالام دەڭلار،
بىزنىڭ يار قارا كۆزگە.

يارىم كېلىپ ياتقاندۇ،
يېنى يەرگە پاتقاندۇ.
پاتسىمغۇ پاتقاندۇ،
خىيال قىلىپ ياتقاندۇ.

ئورغاق ساپىقى سىدام،
كەكە ساپىقى قىيدام.
سېغىنغاندا يارىمنى،
يېتىپ بارىمەن ئىلدام.

لۇكچۇن دېگەن شەلەردە،
غۇنچە بويلۇق يارىم بار.

قانات بەرسە خۇدايىم،
كۆكتە ئۇچۇپ بارغۇم بار.

بىزنىڭ مەلە بوستانلىق،
ئوتتۇرىسىدا كۆلى بار.
كۆرۈنمەيدۇ يار ماڭا،
ناخشا ئېيتقان ئۈنى بار.

ئۆزۈن سايىنى يول قىلدىم،
تايىنى مىنىپ ئات قىلدىم.
سەن چىرايلىق يارىمنى،
ھەر تىنىقتا ياد قىلدىم.

ئايغا چىقسام ئاي بولۇپ،
يارىم ئوڭ قانات بولسا.
كۆڭلۈم يايراپ كەتمەمدۇ،
يار ياندا قاراپ تۇرسا.

تارتىۋاپسەن چۈمبەلنى،
كۆرەلمىدىم كۆزۈڭنى.
كېچە ـ كۈندۈز ئويلايمەن،
كۆرسەم ئانار يۈزۈڭنى.

كېچە ـ كۈندۈز تىلەيمەن،
مەن يارىمنى كۆرمەككە.
ئەجەب پۇرسەت كەلمىدى،
لەۋلىرىگە سۆيمەككە.

ئېگەر ـ توقۇملۇق ئات ئەۋەتتىم،
يارىم سېنى مىنسۇن دەپ.
دۇئايىسالام خەت ئەۋەتتىم،
سېغىنغاننى بىلسۇن دەپ.

يار دەردى يامان ئىكەن،
يىغلاپ كەتتىم ئولتۇرۇپ.
ياشىمنى سىياھ قىلدىم،
يازغان خەتكە تولدۇرۇپ.

ئىشىك ئالدى گۈل ئوسما،
سۇ قۇيۇپ قۇرۇتماسمەن.
ئامرىقىم چىرايلىقنى
ئۆلگۈچە ئۇنۇتماسمەن.

يارىم مەلىگە كەتتى،
ماڭدىم مەنمۇ كەينىدىن.
تا ئۆلگۈچە سۆيىمەن،
يانمىسىلا لەۋزىدىن.

ئۆستەڭنى چېپىپ قويدۇم،
ئەمدى سۇ تولۇپ ئاقسۇن.
يارغا يار كېرەك بولسا،
يارمۇ بىر كېلىپ باقسۇن.

ماڭغان يوللىرىم تۈزدۇر،
كېچە ماڭا كۈندۈزدۇر.

قويۇپ بەرسەڭ كېتىمەن،
يارىم ئۇندا يالغۇزدۇر.

تاغ كەينىدىن ئۆتكۈچە،
چۇشۇپ قاپتۇ ياغلىقىم.
كۆتكىنىمدە كەلمىدىڭ،
چىرايلىقىم، ئامرىقىم.

مەن يارىمنى باغدا كۆردۈم،
ئاق تۇخۇم پايىنىكىدە.
بىزنى يار كۆردىمىكىن،
ئۇسما قويۇپ ئەينىكىدە.

گۈلبېغىمنىڭ ئىچىدە،
بۇلبۇل بولۇپ سايرايمەن.
سەن يارنى سېغىنغاندا،
ئاي، چولپانغا قارايمەن.

بېغىمىزدا سۇ بولسا،
ياغلىقىمنى يۇياتتىم.
ئارىمىز يېقىن بولسا،
كۈندە ـ كۈندە كېلەتتىم.

مەن كۈتەرمەن يارىمنى،
يارىم هايات بولسىلا.
ئېچىلۇرمەن غۇنچىدەك،
بىرلا قاراپ قويسىلا.

مەن يارالدىم بۇ جاھانغا
كۆرگۈلۈكنى كۆرگىلى.
تەلمۈرۈپ باقتىم يولۇڭغا،
كەلگىن، جېنىم، بىر سۆيگىلى.

بۈگۈن كۈنگە جۈمەكەن،
يارىم بىلۈر ئەلۋەتتە.
يارىم كەلسە پات كەلسۇن،
مەن قالماي خىجالەتتە.

ئېرىق بولسا تار بولسا،
ئاتلاپ ئۆتكىلى بولسا.
يار بولسا يېقىن بولسا،
كۈندە كۆرگىلى بولسا.

قۇم تۈۋىدە ئۆيۈم بار،
ئەمەن قالاپ چوغۇم بار.
كۈندە ـ كۈندە كەلسىڭىز،
قۇم چۆگۈندە چېيىم بار.

مەن ناخشامنى ئېيتساملا،
يارىم كېلۈر يادىمغا.
يىپەك رومال ئەۋەتتىم،
ۋاپادارىم، يارىمغا.

بىزنىڭ يارلار كېلىدۇ،
ئوڭ قولىدا گۈل بىلەن.

بىزمۇ باردۇق ئالدىغا،
ئۆستەڭ بويى يول بىلەن.

سۇزۇك ـ سۇزۇك مارجاننى
ئېسىۋاپسەن بوينۇڭغا.
مارجىنىڭنىڭ يىپى بوپ،
چىرمىشايمەن بويۇڭغا.

ئىشىك ئالدى باراڭلىق،
باراڭغا تال قوندۇرما.
يىغلاپ كەلدىم ئالدىڭغا،
بۇ كۆڭۈلنى ياندۇرما.

مەن يارىمغا ئېلىپ قويدۇم،
ئالتۇن قۇلۇپنى.
يارىم كېلىپ سۆيۈپ قويسۇن،
كۆڭلى سۇنۇقنى.

يەتتىنچى ئاي تومۇزدا،
يامغۇر ياغماس تۇرپاندا.
چاڭقاپ بارسام ئۆيىگە،
يارىم ياتار ئايۋاندا.

بارغۇلۇققا بارغۇلۇق،
يار يېنىغا بارغۇلۇق.
يارىمنى كۆرەلمىسەم،
ئۆيگە قانداق يانغۇلۇق؟ !

كۆۋرۈك سالدىم ئۆستەڭگە،
ھەممە كىشى ئۆتكىلى.
خېلى ئۇزۇن ۋاخ بولدى،
يارىم، سېنى كۈتكىلى.

ئارپا تېرىدىم ئىشلەپ،
بالدۇر ئېغىز تەگكىلى.
ئۇزۇن بولدى يارىمغا
بۇ مەلىدىن كەتكىلى.

ئىككىمىزنىڭ نالىسىغا
جان ـ جانىۋار سايرىدى.
ئىككىمىز بىر جايدا بولساق،
خەلقئالەم مارىدى.

زاراڭزا چېچەكلەپتۇ،
قىزىل، سېرىق، ئالتۇن رەڭ.
بىزنىڭ باغقا كەلسىڭىز،
ئۇزۇم ئۈزەي، تاللاپ يەڭ.

قاپاق تېرەك بېشىدا
كاككۇك سايرايدۇ.
ئايدەك جۇگان قوينىدا
يىگىت يايرايدۇ.

ئاق بۇلۇتمۇ لەيلەيدۇ،
كۆك بۇلۇتمۇ لەيلەيدۇ.

يارنىڭ باغرى تاشمىكىن،
كۆتكىنىمنى بىلمەيدۇ.

ئۇچۇپ كەتكەن كەپتەرلەر
دان سەپكەنگە چۈشەرمۇ؟
رەنجىپ قاچقان ئاشۇ يار
گۇللىغانغا كېلەرمۇ؟

ساقلاپ قويدۇم يارىمغا
باراڭدا ئۈزۈم.
قاراپ يارنىڭ يولىغا
تېشىلدى كۆزۈم.

ئايئاق ئۈجمە شېخىدا،
ۋىچىرلايدۇ ئاق قۇشقاچ.
يارغا بېقىپ قاش ئاتتىم،
ئىسسىق چاينى ئوتلىغاچ.

يار ئۆزى كىچىك بالا،
ساراي ساپتۇ سوقمىدا.
ئەته ـ ئاخشىمى بارساق،
قونغۇدەك ئارامخۇدا.

ئاي مەسەللىك يارىمسەن،
كۈن مەسەللىك يارىمسەن.
چۈشۈمگە كىرىپ قاپسەن،
بۇ دۇنيادا بارمۇ سەن؟

ئۈنتۈپ كېتەي دېگەنتىم،
كېچە كىردىڭ چۈشۈمگە.
ئۆچۈپ كەتكەن ئوتۇڭنى
قايتا ياقتىڭ كۆڭلۈمگە.

يارنىڭ بېغىدا ئەنجۈر،
تۇتسام ئېزىلىپ كەتتى.
يارنىڭ ۋەسلىگە يېتىپ،
يۈرەك ـ باغرىم ئېرىپ كەتتى.

يارىم ماڭغان كوچىدا
بۇغداي چېچىلىپ قاپتۇ.
سەن يارنى كۆرۈۋېلىپ
كۆڭلۈم ئېچىلىپ قاپتۇ.

يارىم كەلدى يىراقتىن،
ئاتلاپ نەچچە بۇلاقتىن.
تېنەپ قالدى شۇ يارىم،
مەن سورىغان سوراقتىن.

كۆككىنە كەپتەر بولۇپ،
قونسام دالان بېشىغا.
چار يىلاندەك تولغىنىپ،
كىرسەم يارنىڭ قېشىغا.

تاسلا قالدىم ئۆلگىلى،
يارىم كەپتۇ كۆرگىلى.

تۇرغۇدەك ماجالىم يوق،
يارغا تەزىم قىلغىلى.

مەن يارىمغا نامە يازدىم،
سىياھ قىلىپ ياشىمنى.
چۈللەرگە كېتەي دەيمەن،
چەتكە ئېلىپ باشىمنى.

خالتا كەپتۇ ئايىمدىن،
يىراقتىكى يارىمدىن.
يارىم كەلسە مەن تەييار،
كېچەي تۇرقى، بارىمدىن.

بېيىت ئېيتتىم يارىمغا،
ھوشى بولسا بىلەر دەپ.
ئايلار - يىللار ئۆتسىمۇ،
ھامان بىر كۈن كېلەر دەپ.

شىلدىر - شىلدىر قومۇشلۇق
شىلدىرلايدۇ شامالدا.
مەن ئىزدەپ باراي دېسەم،
مېنىڭ يارىم قامالدا.

بۇلبۇل تولا سايرايدۇ،
بېغىمدا، قىزىلگۈلدە.
ياتسام ئۇيقۇم كەلمەيدۇ،
سېنى كۆرمىگەن كۈندە.

چىراغىمنى ياندۇرۇپ،
قويدۇم مورا بېشىغا.
قاچانغىچە بارۇرمەن،
سۆيگۈنۈمنىڭ قېشىغا؟

هاراق ئىچتۇق گەنزىدە،
هاشىخان داڭلىق بىلەن.
خۇمارى تۇتسا ئۇرىدۇ،
هاۋارەڭ ياغلىق بىلەن.

ئۆستەڭ بويىدا ياتتىم،
ئۆردەك بىلەن غاز ئاتتىم.
گۆشىنى كاۋاپ قىلىپ،
يارىم بىلەن يەپ ياتتىم.

يارىم مېنىڭ يېنىمدا
ئاق بىلىكى بويىنۇمدا.
كېچە يېتىپ چۈش كۆرسەم،
گۈل ئانارىم قوينۇمدا.

يارنىڭ تۇتقان ئۆيىنىڭ
پەنجىرىدە پەردە بار.
سارغىيىپ قاپتۇ چىرايى،
نېمە ئىشتا دەردى بار؟

يارىم كەلدى مەپىلىك،
مەن غېرىبنى كۆرگىلى.

نازى بىلەن كۆيدۈرۈپ،
مېھرى بىلەن سۆيگىلى.

گۈلنى گۈلگە بەردىلە،
گۈلنى تىكەنگە بەردىلە.
بالدۇرغىنا كەل دېسەم،
ئەجەب كېچىكىپ كەلدىلە.

يارىم تېرىغان ئۇسما
بىر تەكشى ئۈنۈپ چىقتى.
ئىشىك ئالدىغا كەلسەم،
هويلىدىن كۈلۈپ چىقتى.

يارىم كۈندە ئۆتىدۇ،
ئىشىكىمدىن گۈل بولۇپ.
ئەگىشىمەن كەينىدىن،
كۈلكىسىگە گول بولۇپ.

مورىغا چىقىپ يازدا،
كۆزۈم چۈشتى قاۋۇلغا.
شۇ قاۋۇلغا ئەگىشىپ،
كىرىپ كەتتىم ئاۋۇلغا.

كېچە كەلدىم بۇ داۋانغا،
غۇنچە بويلۇق كەلمىدى.
غۇنچە بويلۇق كەلگۈچە،
كۆزگە ئۇيقۇ كەلمىدى.

يارىم كەلدى يىراقتىن،
ئىشق دەردى ـ پىراقتىن.
يار ئوتى يامان ئىكەن،
يانغان نۇرلۇق چىراغتىن.

يارىم مېنى خۇش قىلدى،
بېرىپ ئەتلەك ـ ئۇپىنى.
مەن ئاتاپ تىكىپ قويدۇم،
يارغا گىلەم دوپپىنى.

قىبلىدىن شامال چىقسا،
يارنىڭ شاملى دەيدۇ.
ئەجەب كەپتۇ شاملى،
يار نېمىشقا كەلمەيدۇ؟

ئۇيانغىمۇ ئۆتكۈم بار،
بۇيانغىمۇ ئۆتكۈم بار.
كۆڭلۈمدىكى يار بىلەن،
مۇرادىمغا يەتكۈم بار.

قاغىلار توپ ـ توپ ئۇچار،
ئاپئاق بۇلۇت ئاستىدا.
هالۋا ئېتىپ كۈتۈپ قويغىن،
يارىم، مېنى ناشتىدا.

بۇگۈن جۈمە ئەتىگەن،
بىزنىڭ يار قېچىپ كەپتۇ.

قىلغىنىغا توۋا قىپ،
ئاشمانتا ئېتىپ كەپتۇ.

يارىمنىڭ زىل ئاۋازى
ئەجەب مۇڭلۇق، جاراڭلىق.
يار بىلەن تېپىشقاندا،
خالىي بولسا باراڭلىق.

يارىم ساپتۇ قۇلاققا
لەئەل كۆزلۈك ھالقىنى.
يارىمنى كۆرەلمىدىم،
توسۇۋېلىپ قالقىنى.

ماتانى ماتا دەيمەن،
خاتانى خاتا دەيمەن.
چىللاپ قويدۇم يارىمنى،
مەن بىلەن ياتار دەيمەن.

گۈل ئىچىدە گۈللەر بار،
يوپۇرماقلىرى ئۆزگىچە.
مەن يارىمنى كۆرەرمەن،
ئۇزۇن بولسا كۆزگىچە.

ئوڭ قولۇمدا ئارغامچا،
سالمىنى ئاتاي دەيمەن.
كۆڭلۈمدىكى يار بولسا،
قۇچاقلاپ ياتاي دەيمەن.

يارىم چىقتى ئۆيىدىن،
مىيىقىدا بىر كۈلۈپ.
تەستە يەتتىم ۋەسلىگە،
بىر تىرىلىپ، بىر ئۆلۈپ.

كەلگەن كۈنۈم چارشەنبە،
راۋان بولدى سەپىرىم.
يار كۆڭلىنى ئېرىتتى،
مېنىڭ قىلغان گەپلىرىم.

بۈگۈن ئۈچ كۈن، تاڭلا تۆت كۈن،
يار بۇ يەردىن كەتكىلى.
ئۆيگە كىرسەم ئۆيدە يوق،
ئۆگزەمگە چىقسام شامىلى.

ئۆيۈڭ يار بويىدا بولسا،
ئاغزىم بىلەن يەم بەرسەم.
ئەقىدە ساقلىغان يارنىڭ
قۇچىقىدا جان بەرسەم.

مېنىڭ يارىم كەچ كەلدى،
باش ـ كۆزلىرى پەس كەلدى.
ياردىن ئەھۋال سورىماق،
ئانىسى بار، تەس كەلدى.

مەن يارىمغا سوۋغات بەردىم،
زىلچىسى بىلەن.

ماڭا يارىم يىپ ئەۋەتتى،
يىلتىسى بىلەن.

مەن يارىمغا بەرگەن خالتا
قاشتېشى تۇمار.
ئوك قولىغا ئالغان ھامان،
كۆز يېشى قۇرار.

يارىم ماڭا گۇل بەرگەنتى،
باغدا تۇرۇپ قول ئۇچىدا.
بۇگۈن ئۇنى ئىزدەپ بېرىپ،
تېپىۋالدىم تار كوچىدا.

گۇل ـ گىياھلار ئۆسۈپتۇ،
ئىسسىق بۇلاق ئىچىدە.
مەن يارىمنى چاقىرسام،
يېتىپ كەلدى كېچىدە.

كەشتە تىكىپ ئولتۇرسام،
شىرىق ـ شىرىق تىۋىش كەلدى.
يۈگۈرۈپ چىقسام ئىشىككە،
مېنىڭ يارىم خۇش كەلدى.

كاككۇكۇمنىڭ ئۈنىنى
ھەر جايدا ئاڭلاپ كېلىمەن.
يارىم بەرگەن پوتىنى
بېلىمگە باغلاپ كېلىمەن.

بارغانلاردىن، تۇرغانلاردىن،
سېنى سورايمۇ؟
سېنىڭ ھالىڭ نە كەچتى دەپ،
ئۆزۈم بارايمۇ؟

تام بېشىدا ئولتۇرغان
تۇمشۇقى ئالا قاغا.
كۆزۈم تويسا تويغاندۇ،
يۈرىكىم تويمىدى يارغا.

مەن ئېتىمنى توقۇدۇم،
يار ئۆيىگە يەتكىلى.
يار باقمىسا تەس كېلۇر،
قۇرۇق يېنىپ كەتكىلى.

تالمۇتال سىم تارىدەك
چاچلىرىڭنى سېغىندىم.
ھەر تەرەپكە ئوينىغان
قاشلىرىڭنى سېغىندىم.

لىپ ـ لىپ قىلغان قۇندۇزدەك
كىرپىكىڭنى سېغىندىم.
ئېقىپ تۇرغان بۇلاقتەك
كۆزلىرىڭنى سېغىندىم.

خۇددى قىزىل ئاناردەك
يۈزلىرىڭنى سېغىندىم.

ئۈنچە ـ مارجانغا ئوخشاش
چىشلىرىڭنى سېغىندىم.

كېلىنچەكنىڭ سۆزلىرى
خۇددى مېغىز، يار ـ يار.
ئوت پىراقى تۇتاشقان
ۋاپالىق قىز، يار ـ يار.

ئاغزى قۇرۇپ سۇ دېسىلە،
سۇغا مەن قايان باراي؟
ئىچى ئالتۇن، تېشى كۈمۈش
چىنىگە قايان باراي؟

مەلىمىزگە توي تارتىپ،
شېرىن كەلدى، يار ـ يار.
قوشاق بىلەن ساز بىلەن،
كېلىن كەلدى، يار ـ يار.

ھەيرانمەنا ھەيرانمەن،
سۇدىكى قۇندۇزلارغا.
سەن سېغىنساڭ ئايغا باق،
مەن قارايمەن يۇلتۇزغا.

چاپىنىڭنى تاشلايمەن،
يولغا ئالتە ئاي قارايمەن.
ئالتە ئايغىچە كەلمىسەڭ،
ئۆزۈم بىلگەنچە ئوينايمەن.

قىزىلگۈلنى گۈلۈم دەپ،
ئەتىرگۈلدىن ئايرىلدۇق.
يېڭى يارنى يارىم دەپ،
كونا ياردىن ئايرىلدۇق.

گۈلنىڭ بەرگىنى ئەگسەم،
تىكەن سانجىلىپ كەتتى.
يار، سېنى ياد ئەيلىسەم،
كۆڭلۈم چېچىلىپ كەتتى.

كۈز پەسلى بولۇپ قاپتۇ،
غازاڭلار چۈشۈپ قاپتۇ.
ئامرىقىم، چىرايلىقىم،
چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ.

سەن خېنىم ئەتتىڭ مېنى قەنتتىن لەزىز،
يانچۇقۇمدا ساقلىدىم ئىششەك مېغىز.
مېغىزىمنى چايىنىغىن، يا چايىنىما،
راست گېپىڭنى قىل، خېنىم، سەن بىر ئېغىز.

ئاق تاۋاردا بۆكۈم بار،
كۆك تاۋاردا شويناسى.
قارىسام كۆرۈنمەيدۇ،
سۆيگەن يارنىڭ هويلاسى.

چاقىمنىڭ تاناپى يوق،
ئاق ئۈچتا تاناپ سالدىم.

يارىم، سېنى كېلەر دەپ،
قوي گۆشىدە كاۋاپ سالدىم.

بىزنىڭ ھويلا قوش تاللىق،
زەپ ياراشقان باراڭلىق.
يارنى كۈندە كۆرەلمەي،
يەنە تۇتتى ساراڭلىق.

كۈندە باشنى تارايسىز،
ئۆگزىڭىزدە ئولتۇرۇپ.
سىزگە يېمىش ئەكەلدىم،
يانچۇقۇمنى تولدۇرۇپ.

مىس تەخسە لېگەن بولسا،
يار سەندەك لەۋەن بولسا.
مەن بارارمەن يولۇڭغا،
يار ـــ سەندىن خەۋەر بولسا.

ئاينىڭ ئايدىڭى سىزگە،
ئاي قاراڭغۇسى بىزگە.
مەن كۆيدۇم تولا سىزگە،
چىقمايسىز تالا ـ تۈزگە.

سۈزۈك سۇنى كۆرگەندە،
بۇلىقىنى ئەسلەيمەن.
بۇ خەتلەرنى كۆرگەندە،
يارىم، سېنى ئەسلەيمەن.

بىزنىڭ يارنىڭ ھويلىسى،
كۆنچىقىشتا ئۆگزىسى.
ئالتە ئاي بولدى كۆرمىدىم،
كىمگە ئوخشار ياڭزىسى؟

روچىۋىن بولسا كىشى،
قانات ياساپ ئۇچسا كىشى.
شەمۇشە ئىزدەپ يۈرۈپ،
يارنى تاپسا كىشى.

تاشئۆستەڭنىڭ سۈيىدە
قارا قۇمچاق ئوينايدۇ.
سەن يارىمنى داۋاملىق
سۆيسەم يۈرەك قانمايدۇ.

ھاجىمنىڭ تراكتورى
گۈركىرەيمۇ دېمەيدۇ.
قىزىلگۈلدەك شۇ يارىم
بىر كېلەيمۇ دېمەيدۇ.

ئاخشىمى قاراڭغۇدا
پىل - پىل كۆيىدۇ چىراغ.
قىچقارسام ئۇنۇم يەتمەس،
يارنىڭ ئۆيى بەك يىراق.

گۈلدەك ئېچىلىپ كەپسەن،
كۆزۈڭگە كۆرۈندۇممۇ؟

چۈشۈمگە كىرىپ قاپسەن،
سەن مېنى سېغىندىڭمۇ؟

ئۆستەڭ بويىدا ئەمەن،
گۈل تۈۋىدە تۇرارمەن.
سەن يارىم چىرايلىقنى
قايسى كۈندە كۆرەرمەن؟

چوڭ يورغا، كىچىك يورغا،
يارنىڭ مىنگىنى تورغا.
يارنى كەلگۈدەك دەيدۇ،
چىقىپ تۇراي مەن يولغا.

كىچىككىنە ئاق قۇشقاچ
ئاسانلىقچە تۇتۇلماس.
سەن يارىمنى كۆرمىسەم،
مېنىڭ كۆڭلۈم ئېچىلماس.

ئاش ئېتىمەن ئۇگرىدەك،
گۆش توغرايمەن چامغۇردەك.
سىز يارىمنى ئەسلىسەم،
يېشىم ئاقار يامغۇردەك.

ئاق كۆڭلەك مېنىڭ بولسا،
ئەتىگەندە كىيەردىم.
مېھرىبان يارىم بولسا،
سېغىنغاندا سۆيەردىم.

سازلىقنى ماكان ئەيلەپ،
بىز ئامباردا ئىشلىدۇق.
سۆيگەن ياردىن خەت كەپتۇ،
ئوقۇپ، ئاڭلاپ يىغلىدۇق.

ئات باشىدا ئارغامچى،
ماڭمىسا ئۇراي قامچى.
مەن يارنى سېغىنغاندا،
بۇ يۇرتنىڭ يولى قانچى؟

چوكانتالۇ چوكانتال،
چوكانتالدا بۇلبۇل بار.
ئالمىدە تولا گۇللەر،
مېنىڭ كۆڭلۈمدە سەن گۇل بار.

قاغىلىقنىڭ قاغىسى
سېغىنغانغا ئوخشايدۇ.
يار قېشىغا بارمىسام،
كەلمىدى دەپ قاقشايدۇ.

قىزىلگۈلنى گۇل دەيمەن،
ئەترگۈلنى گۇل دەيمەن.
ئون سەككىز مىڭ ئالمىدە،
سەن يارىمنى بىر دەيمەن.

يارىمنىڭ ئۆيى تاغدا،
ئوينايدىكەن سايۋاغدا:

مېنىڭ يارىم چىرايلىق،
كېلىدۇ دېگەن چاغدا.

توخۇلار چىللاشىدۇ،
قاناتىنى قاقمايدۇ.
بىزنى سۆيگەن شۇ يارلار
يەردىن ئۈستۈن باقمايدۇ.

دۇتارنى چېلىۋەرسەم،
تۈگىمەس مېنىڭ پەدەم.
يىل ئۆتسمۇ ئارىدىن،
ئۆزۈلمەس مېنىڭ ۋەدەم.

ئېگىز تاغنىڭ جىلغىسىدا،
شېغىل تارتىمەن كۈندە.
سىز يارىمنى دېمىسەم،
نېمە ئىش قىلىمەن چۆلدە؟!

قاراڭغۇدا يول يۈرسەم،
شامال يەتمەس ئېتىم بار.
ئۆزلىرىگە ساقلىغان،
مۇھەببەتلىك خېتىم بار.

سىزگە يازدىم بۇ خەتنى،
تولدۇرۇپ قۇرۇق بەتنى.
سىز نېمىدەپ تونۇيسىز،
باشلىدىم مۇھەببەتنى.

يارىم كىيگەن ئاق كۆڭلەك
لىپىلدايدۇ شامالدەك.
قولۇم ئىشقا بارمايدۇ،
يار قېشىمدا تۇرغاندەك.

ئۆزۈمنى ئالاي چۆلگە،
بەش موللاق ئاتاي كۆلگە.
يار ئېسىمگە كەلگەندە،
باغرىمنى ياقاي ھۆلگە.

قوناقنى سوقۇپ قويدۇم،
شامال چىقسا چەش بولۇر.
سىز يارىمنى كۆرمىسەم،
بىر كۈن قانداق كەچ بولۇر؟!

باغ ئىچىدە بىر گۈل بار،
گۈل شېخىدا بۇلبۇل بار.
سەن يارىمنى تاپقاندا،
كۈندە نەچچە سۆيگۈم بار.

چۈمپەردەڭنى ئاچساڭچۇ،
مېنىڭ مەيلىمگە باقساڭچۇ.
يۈرەكلەر ئارام تاپسۇن،
كېلىپ مەيدەڭنى ياقساڭچۇ.

شۇنداق بولارمىز دەيمىدۇق،
ئايرىلارمىز دەيمىدۇق؟

ئاريدا ھەسرەت چېكىپ،
يىغلاپ يۇرەرمىز دەپمىدۇق؟

ئېگىز تاغنىڭ بويىدىن
قوغلاپ چۈشتۇم توشقاننى.
يارىم بولسا ئاڭلارىدى،
مەن ناخشامغا قوشقاننى.

ساي بويىدىكى تېرەكلەر،
چاشقان قۇلاق بولغاندۇ.
ئۆز يارىم قەلەم قاشنىڭ
كېلەر ۋاقتى بولغاندۇ.

ئالتۇن كەكە تال كېسەر،
كۈمۈش كەكە گۈل كېسەر.
مەن يارىمنى كۆرگەندە،
باياۋاندا گۈل ئۆسەر.

بۇ ئېتىزمۇ ئوسىكەن،
ئۇ ئېتىزمۇ ئوسىكەن.
بىز ئىككىمىز ياتقىلى
تاۋار يوتقان بولسىكەن.

ئاسماندىكى يۇلتۇزلار،
بىرىپ ئاينى توساۋچۇ.
مەندەك يالغۇز يارىڭنى
پات ـ پات ئىزدەپ تۇرساڭچۇ.

چۈش ۋاقتىدا باغقا كەل،
مەي باغلىغان ئۈزۈم بار.
ئۈزۈم بارالڭ ئاستىدا،
ساڭا ئېيتار سۆزۈم بار.

ئوك قولۇمدا ئايپالتا،
بوسۇغاڭنى كولايمەن.
ئاخشاملىققا ئويغاق يات،
يارىم، سېنى توۋلايمەن.

ئۆيدە ئۈنتۈلۈپ قاپتۇ،
خامان سورىغان ئارىم.
چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ،
بۇلتۇر ئوينىغان يارىم.

بۇلبۇلۇمۇ سايرايدۇ،
ئۆز قولۇمدا دان بەرسەم.
مۇرادىمغا يېتەرمەنمۇ،
قۇچاقىڭدا جان بەرسەم ؟!

كەكلىكلىرىم سايرايدۇ،
تاشقا قونۇپ ئولتۇرۇپ.
مەن يارىمغا يىغلايمەن،
يولغا قاراپ ئولتۇرۇپ.

ئاش پىشامدۇ چۆگۈندا،
نان پىشامدۇ چۆگۈندا ؟

يارىم بىلەن ئوينايمەن،
ئاخشاملىقتا گۇگۇمدا.

بۇغداي باشاق تارتىپتۇ،
دان سۈيى قوياي دەيمەن.
سەن چىقساڭ تولۇن ئايدەك،
مەن يۇلتۇز بولاي دەيمەن.

نەم داۋاندا ئولتۇرۇپ،
چاتقال داۋاننى كۆرمىدىم.
ئات مىنىپ كەلگەن يارىمنى
ئىشەك مىنگەندە كۆرمىدىم.

ئاق تېرەكنىڭ تۈۋىدە
مېنىڭ يارىم سازەندىدۇر.
سازىدا ئوت بېرىدۇ،
دىدار كۆرۈشمەك نەدىدۇر.

قاشىڭنى قارا كۆردۈم،
تال بويۇڭنى تۈز كۆردۈم.
ئاخشام كۆرگەن بويۇڭنى
كېچە يېتىپ چۈش كۆردۈم.

ئېگىز - ئېگىز كۆك سېدە،
چاشما ياغلىق مۈرىسىدە.
ئۆلمىسەك كۆرۈشەرمىز،
چوڭ كۆۋرۈكنىڭ چۆرىسىدە.

كۆڭۈل سىزىدۇ دەيدۇ،
كۆڭۈلنىڭ سەزگىنى راستتۇر.
يار قەدرىگە يەتكەندە،
سۆيسە يۈرەككە خاستۇر.

پىچاق، چاقماق باغ ئەۋرىشىم،
ئەگىيدۇ مىنىڭ باشىم.
يارنى مەن خىيال قىلسام،
دەريا بولۇپ ئاقار ياشىم.

لەمجىنلەردىن ئۆتمەگۈنچە،
خاندۇ كۆرۈنمەس.
ئاق بوز ئاتنى مىنمەگۈنچە،
يارلار كۆرۈنمەس.

يارىمغا ساراي سالدىم،
گۈل بىلەن مۇنار سالدىم.
كەلمىگەنگە كۆپ بولدى،
يولىغا قاراپ قالدىم.

ئايرىلغانغا مەن رازى،
نىكاھ قىلمايدۇ سارالڭ قازى.
چىنار باغدا ئولتۇرسام،
يارىمخاننىڭ ئاۋازى.

مەيلىڭ بولسا سەھەردە كەل،
قورقما ئۆلۈمدىن.

ئوڭ قولۇڭغا ئۈزگەچ كەلگىن،
جۇخار گۈلۈڭدىن.

يىراق بولسا، يېقىن بولسا،
قارارىم يوقتۇر.
مەن يارىمنى كۆرۈۋالسام،
ئارمانىم يوقتۇر.

دېپىڭىزنىڭ زەنجىرى
ئۈچ كېلەرمۇ، تۆت كېلەر؟
ھەر كىشى يارىنى تاپسا،
ئىچ - باغرىنى كىم بىلەر؟

دوپپىڭىزنىڭ چەشمىسى
ئۈچ كېلىدۇ، تۆت كېلىدۇ.
يېڭى يار تۇتقان بىلەن،
قاچان كۆڭۈل جۈپ كېلىدۇ؟

يار كېلىپ ئالدىمدىن ئۆتسە،
كېلۇردەرد - مۇڭلار ماڭا.
چۆرۈلۈپ ئالدىمغا كەلسە،
تار كېلۇر دۇنيا ماڭا.

گۈل تۈۋىدە ئولتۇرسام،
گۈل سۈيى گۈلگە تامۇر.
ئارزۇلۇقنىڭ ئارزۇسى
يارىنى كۆرگەندە قانۇر.

سېغىنىپتۇرمەن سېنى،
نەچچە يىراقتا بولسىلا.
ئاچىلۇرمەن غۇنچە رەڭلىك،
بىرلا قاراپ قويسىلا.

ئاھ ئۇرۇپ يىغلاپتىمەن،
سارغىيىپ ساي باشىدا.
كۆلگىنىم پاشالىقىم،
ئولتۇرغىنىم يار قاشىدا.

شايى پەنجى تارتىمەن،
ئاپتاپتا ئوبدان قۇرۇسا.
مەن يارىمنى كۆرىمەن،
ئول خۇدايىم بۇيرۇسا.

يەل - بوراندەك يەلپۈنۈپ،
كەلسەم يارىمنىڭ قېشىغا.
مىرزىگۈلدەك ئېچىلىپ،
سانجىۋالسام بېشىغا.

يار كوچىسىغا بېرىپ،
گەپ ئاڭلاپ كۆڭلۈم ئاغرىيدۇ.
سەپەرگە كەتكەن يارىمغا
ئەجەب ئىچىم ئاغرىيدۇ.

ئايئاق ئايدىڭغا چىقسام،
ئاي ماڭا يولداش بولسا.

مەن ئۆزۈم يالغۇز ئوغۇل،
يار ماڭا مۇڭداش بولسا.

سېنى كۆرگەندە، ئەي يارىم،
بولۇر ئەقلۇ كۆزۈم روشەن.
قاناتىم بولسا ئۇچقىلى،
بېرىپ شەھىرىڭگە بىر كۆرسەم.

مەن ئۆزۈم ئەر بالاسى،
بېغىڭدا خار بولىمەن.
قارا قاش، قاۋۇل جېنىم،
كۆرگىلى زار بولىمەن.

قارا قاش، قاۋۇل جېنىم،
بولدى مېنىڭ ھالىم خاراب.
شۇ سېنىڭ مۇشكۇل ئوتۇڭدا
ئولتۇرۇپ چالسام راۋاب.

يەنە ئالما شېخىنى
چاپسام راۋاب بولمامدىكەن؟
يەنە ئاشىق كىشىنى
سۆيسە ساۋاب بولمامدىكەن؟

كۆردۇڭمۇ بۇ باشىمنى،
كۆزۈمدىكى ياشىمنى؟
ئۈچ كۈن بولدى كۆرمەيمەن،
قۇرغۇيدەك ئاداشىمنى.

جانىدۇر يارىم مېنىڭ،
جانانىدۇر يارىم مېنىڭ.
چىققىلى چارەسى يوق،
بىچارىدۇر يارىم مېنىڭ.

سەھەرلەردە مەن باردىم،
ئىتلىرىڭغا يول بەردىم.
چىقمايسەن تالا ـ تۈزگە،
زەپىراندەك سارغايدىم.

يارىم قوناق ئوتايدۇ،
ئارقىدا قوناقلىقتا.
ماڭا ئالما ساقلايدۇ،
ئانارگۈللۈك ياغلىقتا.

ئاتلارنى قويۇپ بەردۇق،
كۆرۈنگەن قارا تۈزگە.
بارساڭلار سالام دەڭلار،
بىزنىڭ يار قارا كۆزگە.

مەن ئۆزۈم يانخىيدا بولسام،
ئاشىقىم ئاستانىدە.
بارساڭلار سالام دەڭلار،
قېشى قارا مەستانىگە.

سۇ بېشى سىڭگىمگىچە،
ئاستانە تۈيۈققىچە.

ئاۋۋال ئاخشام كېلىۋېدىم،
ياتمىدىم تاڭ ئاتقۇچە.

بۇ مېنىڭ مەيلىمچە بولسا،
كەتمىسەم يار قاشىدىن.
ئىككى ئالەم بولمىسا،
پەرۋانە بولسام باشىدىن.

قوراي تېغى ئېگىز تاغ،
سىيرىلەيمۇ دېمەيدۇ.
كۆڭلى قاتتىق شۇ يارلار
سېغىنايمۇ دېمەيدۇ.

ئۇسسىغاندا سۇ ئىچىپ،
يىراقتىكى بۇلاقتىن.
ئۈمىدنى مەن ئۈزمىدىم،
شېرىن سۆزلۈك شۇ ياردىن.

ئاتلاپمۇ ئۆتەلمەيمەن،
سەكرەپمۇ ئۆتەلمەيمەن.
بالدۇر قىلغان ۋەدەمدىن
ئۈمىدنى ئۈزەلمەيمەن.

دۈشمەن ئارىلاپ قاپتۇ،
يارىمغان، تىڭشاپ قويۇڭ.
بىر كۆرمەككە زار بولدۇم،
ھالىمنى سوراپ قويۇڭ.

ئامرىقىمنىڭ ئۆزىنى
قايدىن تاپارمەن سۆزىنى؟
ياغلىقىمغا تۇگۇۋالدىم،
سايدا باسقان ئىزىنى.

گۇللەر ئېچىلىپ قاپتۇ،
بېرىپ كۆرەيلى باغنى.
ئالتۇن قارا قاش يارىم،
شەرەت قىلىدۇ باغنى.

گۇلنى قىيدىم ئويماق ـ ئويماق،
بارمۇ ياردىن تويماق؟
خويمۇ مۇشكۇل كەلدىغۇ،
يارنىڭ گېپىنى ئالماق.

قۇرغۇي بولۇپ ئەگىيمەن،
يارىم، سىنىڭ ئۆيۈڭنى.
ئاڭلايمەن ئاۋازىڭنى،
بىر كۆرمەيمەن خۇيۇڭنى.

دەرد كەلدى، پىغان كەلدى،
مەن ئەمدى ساقايماسمەن.
يارىمدىن خەۋەر ئالسام،
ساقىيۇرمەن، ئۆلمەسمەن.

ئالتە قارغا ئۇچتى، كەتتى،
لاي تارتقان يەرگە.

قاناتىم بولسا ئۇچۇپ كەتسەم،
يارىم بار يەرگە.

يالغۇز ئۆيدە ئولتۇرۇپ،
سارغايغىنىمنى كىم بىلۇر.
قول سېلىپ ئىشىككە چىقسام،
مېھرىبان يارىم كېلۇر.

يەلپۈنەدۇ ساچلارىڭ،
سەھەرنىڭ شامالىدا.
قولۇم ئىشقا بارمايدۇ،
سەن يارنىڭ خۇمارىدا.

قاش ئاتارىم كېلىدۇ،
كىرپىك قاقارىم كېلىدۇ.
قولىدا قاشتاش قەدەھ،
شاراب تۇتارىم كېلىدۇ.

يارىم، كېلىدۇ باغقا،
ئىچىم كۆيىدۇ پاھ ـ پاھ.
ناز قىلىپ تەتۈر قاراپ،
مېنى قىلىدۇ خاپا.

تاغلار بېشىدا چېدىر كۆرۈنەر،
چېدىر ئارىلاپ يارىم كۆرۈنەر.
يارىمنى مەن كۆرگەنىمدە،
يۈرەك ـ باغرىم خويمۇ سۆيۈنەر.

تەمى ـ تەمگىنە چىچەك داغى،
باردۇر يۈزۈڭدە.
يارىم، ساڭا ئاشىق بولدۇم،
شېرىن سۆزۈڭگە.

قۇمۇل يولى يامانمۇ،
يارىم ئۇندا ئامانمۇ؟
بەش يىل بولدى كەلمەيلا،
بىزدەك يارلار يامانمۇ،

قىر بېشىدا كۆچەتلەر
تال ـ دەرەخ بولدىمىكىن؟
يامانلاپ كەتكەن يارغا،
يار كېرەك بولدىمىكىن؟

بىزنىڭ باغدا ئانارگۈل،
ئانارىدىن يەپ قويۇڭ.
بىزنى يارلار سورىسا،
يۈرىدۇ ئامان، دەپ قويۇڭ.

سىلكىنىپ چىمەنگە چۈشتۈم،
ئەي نىگارىم، قايدا سەن؟
سارغىيىپ سامان بولدۇم،
ساق ـ سالامەت بارمۇسەن؟

بارغۇچىدىن ئاڭلىسام،
كەلمىگۈدەك يارىم مېنىڭ.

نەدە بولسا ئامان بولغاي،
ئۆلمىسۇن يارىم مېنىڭ.

ئوينىسىمۇ ئوينىسۇن،
ھەر يەردە بىردەم ئوينىسۇن.
كۆڭلىنى دىۋانە ئەيلەپ،
ئۆزگە يارنى تۇتمىسۇن.

ئەجەب ئوخشاپتۇ بۇ بۇغداي،
كۆرۈنگەن خامانمىدۇر؟
ئالتە ئاي بولدى كۆرمىدىم،
يارغىنەم ئامانمىدۇر؟

بىر كۆرۈپ پەرۋانە بولدۇم،
ئاھۇ يارىم قايدا سەن؟
سارغىيىپ سامانچە بولدۇم،
ئايجامالىم، بارمۇ سەن؟

ساچىم مېنىڭ ئىككى تال،
ھەر كۈنى تارالمايمەن.
ئارىمىز يىراق بولغاچ،
ۋاقتىدا بارالمايمەن.

ئىللىسۇنمۇ ئىللىسۇن،
ئىللىسۇننى تېرىسۇن.
مەن يارىمغا خالتا بەرسەم،
ئىنلاپ ـ ئىنلاپ يىغلىسۇن.

تاغقا تېرىدىم تاۋۇز،
خىيال قىلىمەن يالغۇز.
يار يادىمغا يەتكەندە،
خويمۇ بولىمەن مازۇز.

يەنە ئاللاھۇ دېسەم،
كەلمەس كۆزۈمنىڭ ئۇيقۇسى.
ئۇيقۇنى كەلتۈرمىگەن
ئاشۇ يارلار سەۋداسى.

پىچاق، چاقماق ئاسمايمەن،
چاقماق بىلەن نېمىشىم؟
يارنى مەن خىيال قىلسام،
دەريا بولىدۇ يېشىم.

كېچىلەپ ئۆتۈپ كەتتى،
بەش ھارۋىدا يۇلغۇنچى.
چۇشۇمگە كىرىپ قاپتۇ،
مېنىڭ يارىم گۈل - غۇنچى.

مەن بېرىپ يوللار قاراڭغۇ،
جۈپ چىراغ ئاندا كېرەك.
يارغىنەم يالغۇز ياتامدۇ،
يارغىمۇ ھەمراھ كېرەك.

كېچە كەلدىم شۇ داۋانغا،
سەرۋە بويلۇق كەلمىدى.

سەرۋە بويلۇق يارنى دەپ،
كۆزلەرگە ئۇيقۇ كەلمىدى.

سەن قاچان تۈڭلۈككە كەلدىڭ،
مەن قاچان ئۈن بەرمىدىم؟
سەن كىرەلمەي، مەن چىقالماي،
ئولتۇرۇپ قان يىغلىدىم.

مەن ئۆزۈم پېقىر ئاجىز،
ئانار باغدىن ئۆتەلمەيمەن.
كىراغا ئات ئېلىپ بېرىپ،
جامالىڭنى كۆرەلمەيمەن.

گۈلنى مەن گۈلۈم دەيمەن،
گۈلنى مەن ئۈزەلمەيمەن.
ئارىمىز يىراق ئۈچۈن،
يارنى ھېچ كۆرەلمەيمەن.

كۆكيار كانىدىن ئەكەلدۇق،
قالايدىغان كۆمۈرنى.
يارنى كۆرمەي ئۆتكۈزدۇق،
ئون بەش كۈنلۈك ئۆمۈرنى.

سەن مېنى ئۇنۇتتۇڭمۇ،
كۆز يېشىنى قۇرۇتتۇڭمۇ؟
ئۈچ كۈن بولدى كەلمەيسەن،
بۆلەك يارنى تۇتتۇڭمۇ؟

كۈتەرمەنمۇ، كۈتەرمەنمۇ؟
شۇنچىمۇ كۈتەرمەنمۇ؟
كۆيۈپ قالغان يارىمنى
سۆيەلمەي ئۆتەرمەنمۇ؟ !

ئوڭ يېنىمدا ئاي ماڭار،
سول يېنىمدا كۈن ماڭار.
نە خىجالەتتۇر ماڭا،
ئايغا باقسام كۈن قالار.

يىراق يەردىن قورقمايمەن،
شامال يەتمەس ئېتىم بار.
بىزنىڭ يارغا ئۈچ بۇرجەك
قاتلاپ قويغان خېتىم بار.

كەل دېگەندە كەلمىدى
جانانە قاشىمغا مېنىڭ.
نى مالامەت تاغلىرى
سىيرىلدى باشىمغا مېنىڭ.

ئاخشىمى قاراڭغۇدا
خويمۇ كۆيىدۇ چىراغ.
قىچقارسام ئۈنۈم يەتمەس،
يارنىڭ ئۆيلىرى يىراق.

ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈنلەردە
بىز ياتمىدۇق ئۆيلەردە.

بىزنىڭ ياردىن خەت كەلسە،
خۇش بولىمىز چۆللەردە.

بىزنىڭ يارنىڭ ئۆينىشى،
قوراي تېغىنىڭ بېشى.
قولىدا تاۋار ياغلىق،
قۇرۇمايدۇ كۆز يېشى.

ئاپئاق ئايدىڭغا چىقىپ
تۇرسام، كۆڭۈل قايان بارۇر؟
كۈندۈز ئاپتاپقا چىقىپ،
ئايدەك چىرايىم سارغىيۇر.

سەن مېنىڭ يارىم ئىدىڭ،
ئەجەب سەندىن ئايرىلدىم.
جۇدالىق يامان ئىكەن،
يارىم، سېنى سېغىندىم.

سارغىيىپتۇ، سارغىيىپتۇ،
شۇ چوكاننىڭ دەردى بار.
دەردى بولمىسا سارغىيامدۇ،
يىراقتا كەتكەن يارى بار.

تام تۇۋىدە ئۆيۈم بار،
تېزەك ئوتى چوغۇم بار.
ئايدا ـ يىلدا بىر كەلسەڭ،
ساڭا سوئال قويغۇم بار.

ئايمىدۇر، ئايلامىدۇر،
ئايغا بۇلۇت دالدامىدۇر؟
يار يىراقتىن كەلگۈچە،
ئاققان يېشىم دەريامىدۇر؟

قاپقارا قاشلىق يارىم،
بولدى ساڭا ھالىم خاراب.
كېچىلەپ ياتالمادىم،
تاڭ ئاتقۇچە لىم ساناپ.

كېچە يارنى چۈش كۆرۈپ،
كۈندۈزلىرى مازۇزمەن.
چىللىساڭ باراي قېشىڭغا،
خېنىم، تەنھا يالغۇزمەن.

كېتىپ بارغان ئايلامنى
شەرەت بىلەن توختاتتىم.
بېشىدىكى لېچەكىدىن
مېنىڭ يارىمغا ئوخشاتتىم.

تاللىرىنىڭ سايىسى
چۈشۈپ قاپتۇ ھويلىغا.
يار يولىغا تەلمۈرۈپ،
كۆزۈم كېتىپتۇ ئۇيقۇغا.

بېغىڭ ئىچىگە كىرسەم،
ئېچىلىپتۇ رەيھانگۈل.

يار يادىمغا يەتكەندە،
ئۆرتىنىدۇ بۇ كۆڭۈل.

ئېتىم ئوتلاقتا ئوتلاپتۇ،
يارىم شاڭدا ئوينايدۇ.
يار يادىمغا يەتكەندە،
ئىچىمدە ئوت قاينايدۇ.

سۇ بېشى سىڭگىم ئاياغ،
ئاستانە يول خانىسى.
قۇمۇلدا بىر يارىم بار،
كىچىككىنە قۇرغۇي بالىسى.

سەنمۇ ئوقۇدۇڭ نەۋائى،
مەنمۇ ئوقۇدۇم نەۋائى.
يارىمخاننى بىر سۆيسەم،
يۈرىكىمنىڭ داۋايى.

تال دەپتىمەن، تال دەپتىمەن،
سۆگەت ئىكەنغۇ.
تاسقاپ قويغان ئۇن دەپتىمەن،
كېپەك ئىكەنغۇ.
يارنى ئەجەب تاشلاپتىمەن،
كېرەك ئىكەنغۇ.

ئۆينىڭ ئارقىسى بېدە،
ناننىڭ ياخشىسى گىردە.

سىز يارىمنى يار ئەتسەم،
يۈرەكنىڭ يارىمىسى زېدە.

سەككىز يەرگە ئۆي سالدىم،
تۆت تەرىپى تام بىلەن.
يارىم بىلەن كۆرۈشتۇق،
شەنبە كۈنى شام بىلەن.

قاغىلايۇ قاغىلار،
راۋاقتا قونغان قاغىلار.
خۇشقىنا يوقلاندىلەر،
يىراقتا كەتكەن يارىلەر.

ئارقا تاغنى مۇز دەيدۇ،
مەن بارغۇچە مۇز قالماس.
يىراقتىكى شۇ يارنىڭ
يۈرىكىدە سۆز قالماس.

دەريا سۈيى تارتىلدى،
يار ئالغانمىكىن باشتىن؟
ئالتە ئاي بولدى خەۋەر يوق،
ئۆز يارىم قەلەم قاشتىن.

پەرەڭ ياغلىق ئارىسىدا
قاش - كۆزۈڭ كۆرۈنمەيدۇ.
سەن كەلسەڭ كۈلۈپ يوقلاپ،
غېرىبلىق بىلىنمەيدۇ.

ئامرىقىم بولسا مېنىڭ،
ياندا ئۇلتۇرماسمىدى.
تەلمۈرۈپ قاراپ قويۇپ،
دىلنى خۇش قىلماسمىدى.

باغقا كىرىپ گۈل ئۈزسەم،
گۈل سۈيى گۈلگە تامار.
يۈرىكىمنىڭ تەشناسى
يارنى سۆيگەندە قانار.

پۇتۇمدىكى ئاياغنى
قارا مايدا مايلايمەن.
كېچە بولسا ئۇيقۇ يوق،
سەن يارىمنى ئويلايمەن.

چاچلىرىمنى چۇۋۇيمەن،
تارايمەن، ئۆرەلمەيمەن.
يارىم چۇشۇمدە بىللە،
ئويغانسام كۆرەلمەيمەن.

قىزىلگۈلنى بىر تۇتاي،
پۇتىقىدىن چىڭ تۇتاي.
قىزىلگۈلدەك يارىمنى
قانداق قىلىپ ئۇنۇتاي؟ !

ئىشىك ئالدىڭدا تاختا كۆۋرۈك،
ئۆتمىكى بىر قىلچە بار.

مەن يارىمنى كۆرمىسەم،
بىر كۈنمۇ مىڭ يىلچە بار.

باغىڭدىكى گۈلۈڭنى
قانداق شامال قايرىيدۇ؟
خۇدا قوشقان يارىمنى
قانداق دۈشمەن ئايرىيدۇ؟

ئاسماندىن ئاي چۈشتى،
جۈپ - پار بولاي دەپ.
باغۇ گۈللۈكتە ماڭا
ھەمراھ بولاي دەپ.

باغۇ گۈل - غۇنچىسى
ئۆزۈڭ، ئاداشىم.
مەن سىزگە ھەمراھمەن،
يارى باشىم.

ئېتىلىپ كەتكەن لېۋىمگە
سۆيەي دېمەيسىز.
مەن سىزنى بەك سېغىندىم،
كېلەي دېمەيسىز.

قولنى قولغا ئۆتكۈزۈپ،
يۈرەي دېمەيسىز.
يۈرەكىمنى بىر چاغلاپ،
ئۆرەي دېمەيسىز.

ئاسماندىكى پەرىشتە،
ئات مىنىپتۇ يورۇشتە.
يارىم بەرگەن ئۈزۈكنىڭ
بېغى ئالتۇن - كۈمۈشتە.

ئوق ئېيدىيا، ئوق ئىدى،
ساندۇقتا ئوقۇم چىق ئىدى.
سەن يارغا يولۇققاندا،
ساقال - بۇرۇتۇم يوق ئىدى.

كېچە بولسا ياتمايدۇ،
چاڭچى بىلەن دۇمباقچى.
ئۇخلاپ قالماي ئويغاق يات،
تاڭ سەھەردە بارماقچى.

ئوقەت قىلمىدىڭ دەيسەن،
قانداق قىلىمەن ئوقەت؟
يار يادىمغا يەتكەندە،
تەندە قالمىدى تاقەت.

ئاي دېسەم ئايدىن چىرايلىق،
يۈزلىرىڭ تۇرسا سېنىڭ.
جان دېسەم جاندىنمۇ تاتلىق،
سۆزلىرىڭ تۇرسا سېنىڭ.

تاللىرىنىڭ سايىسى
چۈشۈپ قاپتۇ ھويلىغا.

يار يولىغا تەلمۈرۈپ،
كۆزۈم كېتىپتۇ ئۇيقۇغا.

باغدىكى بولجان تېرەك،
بەلگىسى يەمەكچى بار.
بىزنى كۆيدۈرگەن خېنىمنىڭ
بەللىرى جەينەكچى بار.

تۇزلۇق سۇنى كۆپ ئىچىپ،
ئېغىز - بېشىم شور بولدى.
تولا قاراپ يولۇڭغا،
قارا كۆزۈم كور بولدى.

تۇمۇچۇقۇم سايرايدۇ،
شاختا قونۇپ ئولتۇرۇپ.
خۇدايىمغا يىغلايمەن،
يارنى ئەسلەپ، ئاھ ئۇرۇپ.

يارنىڭ كۆڭلى بەك خاپا،
مۇڭداشمىسام ئېچىلماس.
يار ئىككىمىز بىر بولساق،
يۈرىكىمىز ئېتىلماس.

گۈلگە ئىشقى بولمىسا،
بۇلبۇل كېلىپ سايرامدۇ؟
دەردى بولمىسا يارنىڭ
باغقا كېلىپ مارامدۇ؟

ئايۋانىڭنى بىلمەيمەن،
سارايىڭغا كىرمەيمەن.
قاچان كېلىسەن يارىم؟
قارايىڭنى بىلمەيمەن.

ئايۋىنىڭدا جۈپ ساندۇق،
سارايىڭدا جۈپ ساندۇق.
ئالتاي بولدى خېتىڭ يوق،
نېمە بولغاندۇ دەپ قالدۇق.

ئالمىنىڭ شاخى تولا،
ئېگىلىپ سۇنمايدىكەن.
يارنىڭ ۋەدىسى تولا،
گېپىدە تۇرمايدىكەن.

ئاسماندىكى بۇلۇتلار،
كېلىپ ئاينى توسساڭچۇ.
يار، مەندەك مۇساپىرنى
كېلىپ سۆيۈپ قويساڭچۇ.

كەتتى، كەتتى بىزنىڭ يارلار،
نەلەرگە كەتتى؟
كەلسە، كەلسە، تېزرەك كەلسۇن،
غېرىبلىق يەتتى.

ئەتىيازنىڭ ۋاقتىدا
چېچەك چوكان يېشىلدى.

خىيال قىلسام يارىمنى،
دەردكە دەردلەر قوشۇلدى.

ئاق تېرەكنىڭ پورى بار،
كۆك تېرەكنىڭ پورى بار.
يېڭى تۇتقان يارىمنىڭ
گەپ - سۆزىنىڭ تورى بار.

قازناقتىكى باداڭدا
پەرەس قىلىپ ئاش تۆكتۇم.
يار يادىمغا كەلگەندە،
تارام - تارام ياش تۆكتۇم.

تۇتقان يارىڭ زەرگەرمۇ،
سۆكە، مونچاق ئېتەمدۇ؟
ئايدا - يىلدا بىر كەلسەڭ،
سەۋر - تاقەت يېتەمدۇ؟

گۇرۇچىدىن بۇرۇن
زەدىكى دەم يەپتۇ.
بىر كۈن كەلمىسەم،
يارىم غەم يەپتۇ.





ISBN 978-7-228-09831-6

9 787228 098316 >

定价：12.50 元